2007.4

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال

شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال



# بۇلاق

ISSN 1005-0876

源泉（布拉克）◎ BULAK



يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى




يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىسى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

28 ـ يىل نەشرى
ئومۇمىي 115 ـ سان

ئەي ئەزىز، بىلگىنكى، ھەقىقىي سۆھبەت ئادەمنىڭ قەلبىگە قاراپ بولىدۇ، يەنى بىر ئادەمنىڭ دىلىدىن ئىككىنچى بىرىنىڭ دىلىغا كۆزنەك ئېچىلمىغۇچە، ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا چىن مۇھەببەت ۋە سىرداشلىق ھاسىل بولمايدۇ... شۇنىڭ ئۈچۈن دانالار: «كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول بار» دەپ ماقال توقۇشقان. كۆڭۈل كۆڭۈل بىلەن تېپىشقاندىلا، ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىدۇ، شۇ چاغدىلا ھەقىقىي سۆھبەت، ساپ دوستلۇق پەيدا بولىدۇ.

«جامىئۇت-تىرمىزى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

خەتتات: نابىمەت تۇرسۇن

ياخشىلارنىڭ سۆھبىتى كۆڭلۈڭگە سال، ھېچ ياماننىڭ سۆھبىتى قىلما خىيال.

كۆر، قىزىلگۈل باغ ئىچرە خەندان قىلۇر،

مەردكىشى نامەردنى ھەم ئىنسان قىلۇر. گەرچە سەن بولساڭ ئەگەر مەردكەبى،

# بۇلاق

2007 - يىللىق 4 - سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«مەسنەۋى خەراباتىي» دىن ................ مۇھەممەد ئىبنى ئەبدۇللاھ خەراباتىي (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھۆرمەتجان فىكرەت

### تېبابەت دۇردانىلىرى

«ئىلاجەل - ئەمراز» (كېسەللىكلەر داۋاسى) رىسالىسىدىن ................ ھەكىم يۇسۇفى (31)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاببار ئەمەت

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى شېئىرىي پارچىلار ۋە 11 - ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ....
................ يار مۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق (40)
«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە شەكلى توغرىسىدا ................ نىشىۋاكى تاكېئو [ياپونىيە] (50)
تەرجىمە قىلغۇچى: بارىجان زەپەر

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەمەلدارلار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ سالاپەت، پەزىلەتلىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرى ...
........................................ ئەنۋەر ھوشۇر (57)

## بىزنىڭ سەنئىتىمىز

كلاسسىكلىرىمىز نەزىرىدىكى ئۇسسۇل سەنئىتى ........................ رىزۋانگۇل ئابابەكرى (65)

خاجە ئەبدۇللاھ مەرۋارىد ۋە ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى ..................... بەختىيار نۇرمۇھەممەت (68)

## ھېكمەت دۇردانىلىرى

ئابدۇقادىر داموللا ھېكمەتلىرىدىن.............. نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق (70)

## بىزدىكى ئەخلاق ـ پەزىلەت

ئۇيغۇرلار نەزىرىدىكى ئائىللىق سۆيەت ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ............ غالىپ مۇھەممەت قارلۇق (77)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

يەتتە گۇمبەز .............................................. تەرجىمە قىلغۇچى: ئافىئىيە دۆلەت (81)
ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى .................................... توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇقادىر سادىر (104)
سەلەي چاققان لەتىپىلىرى .................................. توپلاپ رەتلىگۈچى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر (108)

※

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: سۇمبۇل چاچ ( پەرھات ئىبراھىم سىزغان )

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
ئىستۇرما رەسىملەرنى سىزغۇچى: پەرھات ئىبراھىم

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)

# «مەسنەۋى خەراباتىي» دىن

**مۇھەممەد ئىبنى ئەبدۇللاھ خەراباتىي**

**نەشرگە تەييارلىغۇچى : ھۆرمەتجان فىكرەت**

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** بىز «مەسنەۋى خەراباتىي» دېگەندە ئەزىز ساۋۇتنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1986 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن قىسقارتىلىپ نەشر قىلىنغان «مەسنەۋى خەراباتىي» ناملىق ئەسەر ۋە شۇ نەشرگە ئاساس بولغان تاش باسما نۇسخىلاردىكى «مەسنەۋى خەراباتىي» ياكى «كۇللىياتى مەسنەۋى خەراباتىي» دېگەن ئەسەرنى كۆزدە تۇتىمىز. ئەمەلىيەتتە خەراباتىينىڭ بىزگە قالدۇرغان ئەدەبىي مىراسى تاش باسما نۇسخىلاردىكى 13 مىڭ مىسراغا يېقىن ئەسەرنىلا ئەمەس شېئىرىي ئەدەبىيات ساھەيمىزگە ھازىرغىچە مەلۇم بولمىغان 5600 مىسرا ئەتراپىدىكى شېئىرىي ئەسەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «مەسنەۋى خەراباتىي» نىڭ قولىيازمىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئەنە شۇلار تەشكىل قىلىدۇ. مەن تاشكەنتتە ئوقۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا خەراباتىي ئەدەبىي مىراسىنىڭ قولىيازما ۋە تاش باسما نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقتىم. نەتىجىدە تاش باسما نۇسخىلار ئارىسىدىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ بىرنەچچە پارچە نۇسخىسى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ «مەسنەۋى مەۋلانا خەراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» دېگەن نام بىلەن خەراباتىينىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئەسىرى بىلەن بىللە ۋە ئايرىم ھالدا چاپ قىلىنغانلىقىنى بايقىدىم.

شۇنىڭ بىلەن خەراباتىي ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا كىرىشىپ، شۇ ھەقتە دىسسېرتاتسىيە يازدىم (بۇ تەتقىقاتلىرىم بىلەنمۇ ئوقۇرمەنلەر يېقىن ئارىدا يۈز كۆرۈشكۈسى).

تاشكەنتتىن قايتىش ئالدىدا ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ۋە مەن تەتقىق قىلغان 13816. 8884 نومۇرلۇق ئەسەرنىڭ مۆھتەرەم دوستىمىز سەيفىددىن رەئۇفىددىنوۋنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىدىن بىر نۇسخا كوپىيە قىلىپ ئېلىپ كەلگەنىدىم. يېڭى بايقىغان «مەسنەۋى مەۋلانا خەراباتىي فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» نى نەشرگە تەييارلاپ كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈش جەريانىدا خوتەندە ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلارنى ئەكەلدۇرۇپ، تاشكەنتتىن ئېلىپ كەلگەن تاش باسما نۇسخا بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقتىم. قولىيازمىلارنىڭ ھېچقايسىسى تولۇق بولمىغىنى ئۈچۈن نەشرگە تەييارلاشتا يەنىلا تاش باسما نۇسخا ئاساس قىلىندى. بۇ ئورۇندا ئەسەرنىڭ خوتەندىكى قولىيازمىلىرى بىلەن تاش باسما نۇسخىنى سېلىشتۇرۇشقا قولايلىق يارىتىپ بەرگەن دوستىمىز مۇھەممەدئېمىن تۇردىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

## مۇسەننىڭ ئۆزلەرىغە نەسىھەت قىلىپ ئايتقەن مۇناجاتلارى

سېنى ئاغرىق زەمانە قىلسا دىلتەڭ،
ساڭا سۆز ئەيلەمەس نامۇس ئىلە نەڭ.

بەنەگاھ كەلسە ئەزرائىل ساڭا تۇش،
بولۇر ھەر سائەتى ئەقلىڭ فەراموش.

قىلۇر مۇلكۇڭنى غارەت مىر ـ پادىشاھ،
ئۇرارسەن داغۇ ھەسرەت بىرلە كۆپ ئاھ.

ئالۇر مالىڭنى دوزدۇ يا قاراقچى،
بولۇرسەن دەربەدەر ھەر ئۆي تىلەمچى.

خۇداۋەندا، ساڭا مەن بەندەدۇرمەن،
گۇناھىمدىن ۋەلې شەرمەندەدۇرمەن.

تەلەب ئەيلەپ نە تابتىم بىر شىرى نەر،
نە بولدى ئەقلۇ دانىش ئىلم رەھبەر.

قالىپ ھەسرەتدە بۇ دەشت بۇ بەيابان،
ئېرۇر فېئلىم تەمامى فىسقۇ ئىسيان.

ئايا، بۇ تالېئىم روزى ئەزەلدۇر،
تەھقىق بۇ سىتەم بارى ئەجەلدۇر.

تەمامى ئۇشبۇ ئالەم ھەرنە مەۋجۇد،
ئۇلالەر ھېچقايسىسىدىن تاپمادىم سۇد.

بارى ئىلمۇ ئەمەللەر بەلكى ھەمراھ،
ماڭا بولدى تەمامى پەردەئى راھ.

كۆڭۇلدە يانماغاچ شەمئى زىيادىن،
يۇدۇم ئىلكىمنى بارچە بىۋەفادىن.

كەرەم فەزلىڭدىن ئەندەك ياغسە باران،
ياغار پاكۇ پەلىدنى ئاندا يەكسان.

خۇداۋەندا، ماڭا فەزل ئېشىكىن ئاچ،
بارىغە رەھمەتىڭ بارانىنى ساچ.

ئۇشۇل بارانكى، ياخشىلارغە ياغسە،
ئەجەب ئېرمەس ماڭا بىر قەترە تامسە.

ئۇلارنى دەۋلەتىدىن بارچە مەن ھەم،
بولەر سىيراب ئاندىن يا ئالاي نەم.

نېچە قىلسام يولۇمغە پەردە بىھەد،
مېنى سەن دەرگەھىڭدىن قىلمەغىل رەد.

سەن ـ ئۇقسەن، پادىشاھىم، ئەي بىرۇ بار،
مېنى ھەيرانەلىكدە قويمە زىنھار.

ئەگەر خەمرى ئىسياندىن ئىچىپمەن،
سېنىڭدىن ئۆزگەدىن، تەڭرىم، كېچىپمەن.

ئەگەرچە يوق خەراباتىيدە ھېچ جۇد،
سېنىڭ فەزلىڭدىن ئىستەر روزۇ شەب زۇد.

* *

ئەيلە سەن زاھىر تەھارەتنى بەيان،
تاكى ئاندىن سوڭ تەھاراتى نىھان.

سۇ بىلە زاھىر نەجاسەت يۇيۇلۇر،
ئىشق ئوتى بىرلە كۆڭۇل پۇر نۇر ئولۇر.

نەفسى شەيتان تا دىلۇ جانىڭدە بار،
بىل، نەجاسەتلەر سېنىڭ كۆڭلۇڭدە بار.

پاك قىل كۆڭلۇڭنى شەيتان دامىدىن،
ساف قىل كۆڭلۇڭنى ھىرس دامىدىن.

ئابى چەشمە بىرلە جىسمىڭ پاك ئولۇر،
كۆز ياشى بىرلە كۆڭۇل پۇر نۇر ئولۇر.

ئابى چەشمە ئۆچۈرۈر دۇنيا ئوتىن،

ئابى جىسمانىڭ ئوچۇرۇر ئۇقبا ئوتىن.

ئابى نەرۇ چەشمەۋۇ ئابى سەماك،
ئۇشبۇ سۇلاردىن بولۇر ناپاك پاك.

ئابى چەشمەدىن جەھان ئاباد ئولۇر،
ئابى جىسمىڭدىن جەنان ئاباد ئولۇر.

زاھىرۇ باتىننى قىلساڭ ئىختىيار،
ھەر يامان ئەندىشەنى دىلدىن چىقار.

ئول مۇھەممەد ئاشىقى ئاللاھدۇر،
ئىشق سىررىدىن ئوشۇل ئاگاھدۇر.

بادەئى ۋەھدەتنى ئول نوش ئەيلەگەن،
ماسىۋەللاھنى فەرامۇش ئەيلەگەن.

سەير قىلغاچ ئالەمى ۋەھدەتنى ئول،
باتىنىدە يوق ئانىڭ تەشرىككە يول.

ھىيلە ۋە تەزۋىر بىرلە ئادەملەرنى، ھىيلە قىلغانلارنى بەيانى.

بار ئىدى بىر بىشەدە غۇل راھزەن،
ئۇچرادى ناگاھ ساھىب ھۇسن زەن.

بار ئىدى بۇ زەننى ئىككى مىشكىسى،
بىرىسىدە شىرۇ بىردە شىرنىسى.

ئۇردى دەم بۇ غۇل مەكرۇ دامىدىن،
سوردى ئۇل بىچارە گۇلئەندامىدىن.

بۇ نەدۇر مىشكىڭدەكى، ئەي سالىھە،
ئول دېدى: ئېلتەرمەن تا بازارغە.

دېدى غۇل: ئاغزىنى ئاچغىل مەن كۆرەي،
ھەر نەكىم بازار نەرخىن مەن بېرەي.

ئاچتى ئاخىر مىشكنى ئول ئاغزىنى،
كۆر بۇ غۇلنى مەكرىنىيۇ فىكرىنى.

مەكرۇ ھىيلە، دامى تەزۋىر بىرلە غۇل،
ھەر بىرىن بىر ئىلكىگە تۇتدۇردى ئول.

ياتقۇزۇپ يول ئۇزرە ھەم ئۇريان قىلىپ،
ۋەتىي قىلدى ئاجىزۇ ھەيران قىلىپ.

تاپمادى بۇ مەكرىدىن زەن ھېچ ئەمان،
قويسە مىشكلەر ئاغزىنى بولغاي زىيان.

تەۋبەلەر ئاغزىدەۋۇ تەن دەر زىنا،
ئەيلەپ ئۆزگە خەلقغە مەكرى دەغا.

خەلق كۆرۈپ ئېيتۇركى: بۇ غۇل تەۋبە دەر،
قىلدى لېكىن دامۇ مەكرۇ ھىيلە پىر.

ئان ھەمە يالباردى بۇ بىچارەئى،
تاپمادى خامۇشدىن ئۆزگە چارە.

ئاخىرۇل ئەمر ئىشنى قىلدى ئۇ تەمام،
ئافتاب ئولتۇردى، بولدى سۇبھى شام.

بولدى ئول ھالەتدە زەن ھەم ھامىلە،
قالدى بۇ يول ئىچرە، كەتتى قافىلە،

خەلق ئارا شەرمەندەۋۇ رەسۋا بولۇپ،
قالدى بۇ دەشت ئىچرە ئول ئىتدەك بولۇپ.

ئەي پىسەر، نەفسىڭ ئېرۇر غۇلى زەلال،
سەن ئېرۇرسەن ئول زەنى ساھىبجەمال.

مىشك بىرىسى ئەھلۇ فەرزەندىڭ ئېرۇر،
بىرى قىلغان جەمئى دىلبەندىڭ ئېرۇر.

تاكى مۇتلەق بارچەدىن كەچمەس كىشى،
ئۇشبۇ غولىيدىن ئەمان تاپماس كىشى.

خالىي بولسە ئېردى خاتۇننى قولى،
قايدە قىلغاي ئېردى ۋەتىي ئول غۇلى.

ئەي جەۋان، تېز قىل ئىلكىڭنى خەلاس،
ئۆت سەلامەت يولدىنۇ بول يارى خاس.

باردۇرۇر بىسيار غۇللار بۇ يولى،
تەگمەگەي جىسمىڭگە نامەھرەم قولى.

ھامىلە قىلغان سېنىڭدە مەئسىيەت،
قافىلە كەتگەن بۇ يوللاردىن سىھەت.

بولما ئول خاتۇنغە ئوخشاش، ئەي ئوغۇل،
ئىستەگىل ئاندىن خەلاس بولماقغە يول.

ئول سېنى بىچارەۋۇ گىريان قىلىپ،
ۋەتىي قىلغاي ئاجىزۇ ھەيران قىلىپ.

تالىپ ئەگەر بولسە جان قۇربان قىلۇر،
بار تەبىب بۇ دەردغە دەرمان قىلۇر.

جان فىدا قىل روزۇ شەب ئىستەپ ئانى،
ئول كىشى قىلغاي بۇ ئىللەتدىن بارى.

ئەي پىسەر، گەر سەندە بولسە جانۇ دىل،
چارە قىل يا چارەگەرنى ئىستەگىل.

تا دېگەي ئېردىم ساڭا بىر نۇكتە مەن،
ئۇشبۇ يول ئىچرە ھەنۇز ناپۇختەمەن.

بولمە مەستى جەھل، ئەي نادان يىگىت،
فەھم قىل يا قىلمەگىل مەندىن ئېشىت.

ئىستەسەڭ ئازادلىغ ئىككى جەھان،
تېز ئۆمر ئۆتمەسدە بول بىخانۇ مان.

دوست تۇتماق ئىككىنى لا يەجتەمەئ[1]،
قىلمەگىل دۇنياۋۇ مەئۋادىن تەمەئ.

ئىككى ئول مىشك ئىككى ئالەمدۇر ھەمە،
ئىككى دوستلىغلارنى سەن ئادەم دېمە.

ئىككى مىشك تەمىسلىدۇر ئىككى جەھان،
ئىككىنى دوست تۇتگەنىڭدۇر، ئەي جەۋان.

غۇلى رەھزەن نەفسى شەيتاندۇر ساڭا،
بارۇ ھەملىڭ فىسقۇ ئىسياندۇر ساڭا.

تاشلاگىل مىشكىڭنى ئىلكىڭدىن يىراق،
تاشلاماي بولماس بۇ يولدە تۇمتەراق.

بولسە ئول دىل ئىككىنى ئەندىشەسى،
ئول كۆڭۈلدۇر نەفسى شەيتان بىيشەسى.

دوست تۇتگەن ئىككىنى تەۋھىد ئەمەس،
ئىككى ئالەم ئىچرە ئول تەجرىد ئەمەس.

ئەي خەرابات، ئىستەسەڭ دىيدارى يار،
ئىككىنى مىھرىنى كۆڭۈلدىن چىقار.

## بۇ فەسلدە ياماننى سۇھبەتىنى شۇملىغىنى بەياندۇر

ۋاي ئول سۇھبەت ياماننى سۇھبەتى،
ئىككى ئالەم جانۇ دىلنىڭ ئافەتى.

كىمكى يارى بەدگە گەر مەھرەم بولۇر،
ئول كىشى تۆرت نەفئدىن مەھرۇم بولۇر.

مارى بەد نىش ئۇرسە بولغاي تەۋبەگۇ،
يارى بەد نىش ئۇرسە قىلماس ھايۇ ھۇ.

مارى بەددىن يارى بەد بەدتەر ئېرۇر،
بۇل زەھەردىن ئول زەھەر خۇشتەر بولۇر.

① بىرلەشمەيدۇ، جەم بولمايدۇ.

مار ئەگەر نىش ئۇرسە تەن نۇقسان كېتەر،
يارى بەد نىش ئۇرسە ئول گۇمراھ كېتەر.

مارى بەد نىش ئۇرسە سەھل زەھمەت ساڭا،
يارى بەد نىش ئۇرسە يوق جەننەت ساڭا.

مارى بەد نىش ئۇرسە تەن نۇقسان بولۇر،
يارى بەد نىش ئۇرسە دىن نۇقسان بولۇر.

ئەي پىسەر، بول سۆھبەتى بەددىن يىراق،
ۋەرنە ئول قىلغاي سېنى ھەقدىن يىراق.

ھەر نىمە ئۆز جىنسى بىرلە سۆھبەتى،
يوق تۇرۇر ئىت بىرلە قوينى ئۇلفەتى.

ئاڭلاغىل بۇ پەندنى، ئەي چارەساز،
بولماغاي ھەمجا كەبۇتەر بىرلە قاز.

قىلمە سۆھبەت مۇردە دىل بىرلە قەرار،
ھېچ ئاندە لەززەتى تاپماس بەرار.

ئەي جەۋان، قىل زىندە بىرلە سۆھبەتى،
قىلغىل ئاندىن ئىشرەتى، ئال لەززەتى.

سۆھبەتى قىل زىندەئى با كامىلە،
زىندەدىن قىلغىل ئۆزۈڭنى ھامىلە.

ئىشرەت ئولدۇر، يەئنى سۆھبەت لەززەتى،
ھەمل ھەقنى نۇرى فەزلۇ رەھمەتى.

ئىستەگىل سۆھبەتكە بىر مەردانەنى،
نەكى ھېزۇ يە زەنى ئەننانەنى.

ئەي پىسەر، سەن مەردۇ يا نامەردسەن،
مەقسەدىم ئېرمەس مېنى سەندىن بۇ تەن.

بىر سۇئال ئەيلەيكى، بولغىل ھۇشيار،
خاتۇن ئال يا ئەرنى قىلغىل ئىختىيار.

مەردلىغ بۇ رىشۇ سۆۋرەتدىن ئەمەس،
يا لىباسۇ فەرجۇ ئالەتدىن ئەمەس.

شەيخى شەيتان زالىمى مەككارەدۇر،
ئاقىبەت ئۇل شەيخلەر يۈز قارەدۇر.

ھەرفى دەرۋىشلەرنى چەندان ياد ئېتەر،
مەكرۇ دامۇ ھىيلەلەر بۇنياد ئېتەر.

ئول سۆخەن بابىدا مىسلى بايەزىد،
ئاغزىدە ئاياتۇ لېكىن دىل يەزىد.

يۇقتۇرۇر بۇ سۆزدە ھېچ شەكۇ خىلاف،
مىسلى ئۇ بىر تىغى چۇبىن دەر غىلاف.

ۋەقتى جەڭ ھەر تىغلار پەيدا بولۇر،
تىغى چۇب شەرمەندەۋۇ رەسۋا بولۇر.

بولسە ھەركىمنىڭكى تىغى چۇبدىن،
ئۇ قوتۇلماس زىندە ئۇشبۇ ھەربدىن.

«ئەنسىتۇ①»نى فەھم قىل، خامۇش بول،
تەشنە لەب بول، ئانچە دەريا نوش بول.

ئىستەگىل ئۇل شەيخى ھەقنى تېز ـ تېز،
نېچە بولسەڭ تەشنە ئاندىن رىز ـ رىز.

ئول سېنى شەب ـ روز ھەمراھىڭ ئېرۇر،
بولسە ئول يارى خۇدا يارىڭ ئېرۇر.

رەھبەر ئولدۇر بولسە ئەركەك يا تىشى،
يولنىيۇ مەنزىلنىيۇ كۆرگەن كىشى.

راھبەر ئول راھبەردۇر، راھبەر،
رەھزەنۇ خەۋفۇ خەتەردىن باخەتەر.

بولسە شەيخى خاس ھەم پىرنىڭ قۇلى،
ئەيبگە كوتاھ ئەمەس سىرنىڭ قولى.

بۇ يەدۇللاھ قولىدۇر، قەۋلى خۇدا:
ئۆز قولۇم دەب ئۆز قولىن قىلمىش ئەتا.

① (قۇرئان ئوقۇلغاندا) قۇلاق سېلىپ جىم ئولتۇرۇڭلار.

ئول كىشىكىم غەيبىدىن خۇشتەر ئېرۇر،
كىمكى ھازىر غەيبىدىن بىھتەر ئېرۇر.

پۇختەسەن بولغىل تاغەييۇردىن يىراق،
بولماغىل بۇ سۇھبەتى نۇردىن يىراق.

كەچسە ھەركىم جانىدىن جانان بولۇر،
ئىككى ئالەم خەلقىغە سۇلتان بولۇر.

ھەرنە بۇ رويى زەمىندە ئەۋلىيا،
بارچەسى ئايىنەئى زىكرى خۇدا.

سەيقەلى قىل بىرنىچە كۈن سىينەنى،
جەھد بىرلە ساف قىل ئايىنەنى.

بولسە گەر ئايىنەدە زەڭگۇ غۇبار،
ئاندە كۆرمەس ھېچكىم دىيدارى يار.

دەردۇ غەمدىن ئۆزگەنى يار ئەيلەمە،
دەردىدىن ھەركىمگە ئىزھار ئەيلەمە.

ئاھدىن ھەم تىيرە بولغاي ئايىنە،
ئاھ دەب دەم ئۇرمە كۆپ ھەر ئايىنە.

ھاسىلى بۇ يول ھەمە غەم بىرلە دەرد،
قىلماساڭ بىر ئاھى گەرمۇ ئاھى سەرد.

مەرد ئۇلدۇر دەرد ئاڭا ھاسىل بولۇر،
تەڭرىنى دىيدارىغە ۋاسىل بولۇر.

ئۇشبۇ يول بىدەرد كىم، بادەرد كىم،
تەڭرى بىلگەي مەرد كىم، نامەرد كىم.

ئۇشبۇ مىھنەت زاھىرى ئاغۇ زەھەر،
باتىنى قەندۇ ئەسەلدۇر ھەم شەكەر.

مۇنىسى بۇ دەھر ئارا كۆر ئاخىرەت،
نامى ھەقدۇر، نامى ھەقدۇر، نامى ھەق.

«ما سەقاھۇم رەببۇھۇم»① كەلگەي خىتاب
تەشنەگە، ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب.

كىم ئانى ئىستەر ئول ھەم ئىستەر ئانى،
ئىستەسەڭ ئانى ئول ھەم ئىستەر سېنى.

تەشنە بولسە ئول كىشى جويايى ئاب،
تەشنەگە بۇ ئاب ھەم دەر ئىزتىراب.

ئول تەلەب چۇن رىسمەن بوينۇڭدە بار،
خاھى ئۇلتۇر، خاھى ياتۇ خاھى بار.

رىسمەننى بىر ئۇچى ئانىڭدەدۇر،
بىر ئۇچى مەھكەم سېنى بوينۇڭدەدۇر.

بولسە گەردەندە ئۇممىدنى رىشتەسى،
ياق، يوق بولسە جەھان ئەندىشەسى.

تۇشسە ھەرچەند فانى سەۋدا باشىغە،
ئاقىبەت تارتەر ئانى ئۆز قاشىغە.

بولسە ھەركىم نىچە يول قىلغان غەلەت،
ھەر نىچە جىنسىنى ئىستەر ئاقىبەت.

گەر مەلالۇ گەر شىتابەندە ئېرۇر،
ئاقىبەت جويەندە يا بەندە ئېرۇر.

خاھ دۇنيا بولسۇنۇ خاھ قەسدى دىن،
ئاقىبەت ھەركىم تاپار ئۆز مەقسەدىن.

كىم خۇدادىن ئۆزگەلەرنى ياد ئېتەر،
ئول خۇدا بۇ نەرسەدىن بەرباد ئېتەر.

بارچەلەردىن تەڭرى قۇدرەتلىغ ئېرۇر،
نازى ئىستىغناۋۇ غەيرەتلىغ ئېرۇر.

ئايدىلار پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان،
«ئەل ھەرىسۇنە مەرھۇمۇن»② بىدان.

① پەرۋەردىگارى ئۇلارنى پاكىزە شاراب بىلەن سۇغىرىدۇ؛ «قۇرئان كەرىم»، سۇرە ئىنسان 21 ـ ئايەت.
② بەك ئامراق (ھېرىسمەن) بولۇپ كەتكۈچىلەر مەھرۇم بولغۇچىلاردۇر.

قىلسە كىم غەير ئەز خۇدافە ھىرسلىخ،
ئول ئېرۇر رۇباھۇ گورگۇ خەرسلىخ.

بولسە ھەركىم ھىرسى بىر نەرسەگە بار،
ھەق ئانى ئول نەرسەدىن مەھرۇم قويار.

ئايدىلار ياد ئەت مۇھەببەتدىن ئانى،
ساقلاغاي دۇنياۋۇ مىھنەتدىن سىنى

## شەيخى زەمان ۋە شەيتاننى بەيان قىلنۇر

شەيخى رەھمان خەلقنى ئاگاھ قىلۇر،
شەيخى شەيتان خەلقنى گۇمراھ قىلۇر.

بولسە نۇر ئول شەيخ ئېرۇر ساھىبقىران،
نەفئ ئالغاي ئاندىن ھەر پىرۇ جەۋان.

شەيخ بولغاي مىسلى ئەبرىبىرلەر بەر،
نەفئلەر ئالغاي ئانىڭدىن خوشكۇ تەر.

شەيخ ھەۋزۇ چەشمە يا دەريا، بۇلۇت،
نەفئى بار ھەيۋان، نەباتات تا بە ھۇت.

بولماسە گەر شەيخدە فەيزۇ فۇتۇھ،
يوق ئانى جىسمىدە غەير ئەز نەفسۇر رۇھ.

بولسە ھەرچەند ئادەمى ياشۇ قارى،
باردۇر ھەر بىرىنىڭ ئىككى رەھبەرى.

بىرسى يول باشلار ئاڭا بارۇ سەمەر،
بىرسى يول باشلار ئاڭا نارۇ سەقەر.

شەيخى رەھمان نىئمەتى ئەللاھ ئېرۇر،
شەيخى شەيتان لەئنەتى ئەللاھ ئېرۇر،

ئول كىشىلەرئېرسە نۇھ ئەفلاكدە،
يۇرمەكى دۇشۋار ئەمەسدۇر خاكدە.

بولسە مۇنداغ شەيخ ئول مەئسۇمدۇر،
ھەر نە ھالى سىررىدىن مەئلۇمدۇر.

ئۇشبۇ شەيخ ھەقنى ئەتاسىدۇر ھەمە،
يوق قىلۇر ئەلنى خەتاسىنى ھەمە.

شەيخى تەنپەرۋەر ھەمە شەيخى ھەۋا،
فىئلۇر زىكرۇ فىكرىدۇر مەكرۇ دەغا.

شەيخى جانپەرۋەر ھەمە شەيخى خۇدا،
ھەركىشىنى دەردىغە قىلغاي دەۋا.

شەيخى ھەق زەۋق بىرلە نە خور - خابدۇر،
بەھرى ۋەھدەت ئىچرە ئول غەرقابدۇر.

شەيخى رەھمان ھالى مۇستەغرەق ئېرۇر،
شەيخى شەيتان ھالى مۇستەفرەق ئېرۇر.

شەيخى رەھمان ئاقىلۇ ھۇشيار ئېتەر،
شەيخى شەيتان مەجنۇنۇ بىمار ئېتەر.

شەيخى رەھمان تەڭرىغە مەھرەم قىلۇر،
شەيخى شەيتان كىشنى نامەھرەم قىلۇر.

قىلدى مەئسۇم شەيخى رەھماننى خۇدا،
قىلدى فەزلۇ ھەم كەرەم، لۇتفۇ ئەتا.

ھۇللەۋۇ خىلۋەتكە ئول مۇھتاج ئەمەس،
سۇھبەتى ھەقدىن دەمى ئىخراج ئەمەس.

سۇرەتى بۇ ئالەمى فانىيدەدۇر،
سىيرەتى ئول ئالەمى باقىيدەدۇر.

ئالسە خۇيىدىن ئانى ھەركىمكى خۇي،
بولغاي ھەرئىككى جەھاندە ئابروي.

ھەرنە خۇيى، فېئلى بۇ ئاگاھنىڭ،
ئابرويى تۇھفە بۇ گۇمراھنىڭ.

نەفئ مۇنداغ شەيخدىن كەم نۇكتەدان،
ئول كىشى ئالىمش ئېرۇر گەنجى نىھان.

بىر ئاتى ئانى ۋەلىييۇد – دەۋلەتەين،
بىر ئاتى ئانى ئىمامۇل – قىبلەتەين.

شەيخدىن ھەركىمكى خۇيى ھەق ئالۇر،
نۇر بولۇپ ھەم تا شەبى مۇتلەق بولۇر.

جان فىدا قىل، ئال بۇ شەيخدىن مەئنىلەر،
داغى ھەسرەت  بىرلەدۇر بىمەئنىلەر.

جەھد قىل تا مەستىئى نۇرانىي بول،
ئاچىلۇر تەقلىددىن تەھقىق يول.

ئۇلكى تەقلىددىن مۇھەققىقلەر جۇدا،
بارچەسى سۇرەت ئېرۇر، مەئنى خۇدا.

كارى مەردان خەلقۇ جۇدۇ رەھىملىق،
كارى دۇنان ھىيلەۋۇ بىشەرملىق.

مۇزدى تائەت نىئمەتى دارۇسسەلام،
مۇزدى مىھنەت تەلئەتى ھۇسنى دەۋام.

تالىبى دىيدارسەن ئىككى جەھان،
قىلماغىل ئەندىشەئى ھۇرۇ جىنان.

قىلماغىل سەن ئىككى دۇنيادىن تەمەئ،
بۇ ئۇچى بىر - بىردۇ لا يەجتەمەئ[1].

يا ئىلاھىي، «ئەنتە ئەللامۇل غۇيۇب»[2]،
مەن ھەمە ئەھلى جەھان كانى ئۇيۇب.

جۇملە ئەيبنى پۇشىدە قىل مەغفىرەت،
ھەم بۇ ئالەم ئىچرەۋۇ ھەم ئاخىرەت.

ئەي خەراباتىي، ساڭا بۇ پەستلىق،
ئاندىن ئولدى سەندە ئېردى ھەستلىق.

## ھېكايەت

پادشاھنى بار ئىدى بىر خادىمى،
قىلماب ئېردى ھېچ ۋەقت بەھرۇم ئانى.

سۇبھۇ شام خىزمەتدە ئېردى روزۇ شەب،
ئۇزگەلەردىن با تەۋازىئ، با ئەدەب.

قىلدى ھەر خىزمەتنى ھەم بادىل بەجان،
ھېچ خىزمەت قالمەدى ئۇل قىلماغان.

خىزمەتى بىسيار قىلدى بىھىساب،
بارچە قىلغان خىزمەتى خەيرۇ سەۋاب.

بىر كۇنى شاھ ئايدى: ئەي خادىم بەيا،
بول مېنى ئالدىمدە كۆب مەھرەم سەرا.

ئاخىرۇل ـ ئەمر ئاڭا خىلئەتلەر بېرىپ،

قىلدى ئانى سىررىغە شاھ ئەنقەرىب.

قىلدى بۇ ئىنئامى شاھ خادىمنى مەست،
شاھنى مەنزۇرىدە يا نىستۇ ھەست.

دۇشمەنى شاھ بىرلە بولدى ئاشتى،
يوق ئىدى لېكىن ئەنى بەرداشتى.

فاش قىلدى شاھ سىرىن ئەغيارغە،
بۇيرۇدى شاھ ئانى ئاس دەپ دارغە.

ئەيلەدى تاراج ھەم غارەت ئانى،
ئۇرتە دەب، بەلكى ھەمىن سائەت ئانى.

بولماسە مەقسۇدى بۇدۇر، ئەي ئوغۇل،
زىنھارۇ زىنھار لەب بەستە بول.

---

① جەم بولمايدۇ، بىرلەشمەيدۇ.
② سەن غايىبنى چەكسىز بىلگۈچىسەن.

بۇ مەسىلدىن بول سەن ھەم ئاموختە،
فاش قىلمە سىرنى، بول لەب دوختە.

ئەي پىسەر، ئول سىردىن دائىم ئاگاھ سەن،
فەھمۇ ھوشۇ زىيرەكىي تەرك ئەيلە سەن.

ئوشبۇلاردۇر سەيدى ئەسرارى خۇدا،
ئەقلۇ دانىش، زىيرەكىي فەرقى ھەۋا.

بولسە كىمدە فەرقى بۇ نەفسۇھەۋا،
فەرقى ئەسلىسىدۇر ئەسرارى خۇدا.

ئىستەگىلۇ ئىستەگىلۇ ئىستەگىل،
سىررى ھەق نوش ئەيلەگەننى ئىستەگىل.

تاپ ئانى، تۇت دامەنىن، يۈرگىل بۇ يول،
ھەمچۇ مۇسا خىزرنىڭ ئەمرىدە بول.

ھەركىشى مەقسۇدىنى سىردىن تاپار،
ھەرنە رەۋشەنلىكغە زۇلمەتدىن چىقار.

تاپساڭ ئانداغ پىرنى تەسلىم قىل،
روزۇ شەب دىل ـ جان بىلە تەئزىم قىل.

تالىبى دۇنياغە بۇ مەئۋا ھەرام،
تالىبى مەئۋاغە بۇ دۇنيا ھەرام.

ئىستەسە ھەركىمكى دىيدارى خۇدا،
بەس ھەرام دۇنياۋۇ ھەم مەئۋا ئاڭا.

قىلسە مۇنداغ فىكر، ئەي خەرگوشى خاب،
بولماغاي بەرجەمئ خاكۇ ئوتۇ ئاب.

ئول كىشىكىم، تالىبى دىيداردۇر،
دۇنياۋۇ جەننەت ئاڭا مۇرداردۇر.

بول بۇ ئالەم سەن گۇزۇرسىنە، خوشك لەب،
قىلماغىل دۇنياۋۇ ئۇقبانى تەلەب.

دەردۇ مىھنەت ھاسىلى كەۋنۇ مەكان،
سەبرۇ بەرداش ئەيلە، بول ساھىبقىران.

كانى مەئدەندۇركى، ئول گەنجى خۇدا،
بۇ كەلىدى گەنج ئەمەس ئاندىن جۇدا.

بولسە دەردى بەندەئى ئەللاھغە بەس،
ئول كىشىنى تەڭرى رەسۋا ئەيلەمەس.

خوشك بولغاي قەھرىدىن دەرياۋۇ جۇ،
مۇشك بولغاي مىھرىدىن سەرگىنۇ گۇ.

قوللارى بۇ فىرقەنى مىفتاھى گەنج،
خاكى پايىدۇر ھەمە داروىي رەنج.

ھىچ گەنج بىمارۇ گۇل بىخار يوق،
ھىچكىم بىغەم شۇبۇ بازار يوق.

گەنجى گەۋھەر كىم قويارلار خانەدە،
گەنجلەر پۇشىدە بۇ ۋەيرانەدە.

ئەي پىسەر، جىسمىڭنى سەن ئۇريانە قىل،
بۇ فەنا كۆيلەكىنى ۋەيرانە قىل.

كىمكى مۇتلەق ئۇز ـ ئۇزىن ۋەيران قىلۇر،
گەنجىنى ۋەيرانەدە پىنھان قىلۇر.

تاشلا كۆڭۈلدىن بۇتى بىگانەنى،
ئىستەگىل ۋەيرانەدىن پەرۋانەنى.

باردۇر كۆڭلۈڭدە، چەندان بۇتلارىڭ،
بار ئاڭا شەب ـ روز تولا خىزمەتلەرىڭ.

ئەي دىلا، بۇ سۆزنى ياخشى ئاڭلاغىل،
بۇتنى سىندۇرغان كىشى بولغاي خەلىل.

ئىستەسەڭ بولماقنى دائىم يارى ھەق،
شەيخى ھەق ئالدىدە قىلغىل كارى ھەق.

ئەي دەرىغا، تابمادىم مەن شەيخى ھەق،
ئالغاي ئېردىم كاشكى ئاندىن سەبەق.

ئىستەدىم مەن ئانچە ئالەمنى يۈرۈپ،
قىلمادىم ئىزھار ئەيبىمنى كۆرۈپ.

ئەيب ئۇلدۇر كىبرۇ پىندارۇ غۇرۇر،
كۆردى ھەر جا شەيخى ھەق قىلدى نۇفۇر.

شەيخى ھەقدىن سورسام ئايتۇر، ئەي جوھال،
ھەممەتىڭ پەستدۇركى تاپماسسەن كەمال.

ھەر كىشىكىم، سىررىغە تەسلىم قىلۇر،
سىررى تەسلىمدىن كېيىن تەئلىم قىلۇر.

شەرتى تەسلىمدۇركى، نە كارى دەراز،
كىمكى تەسلىم قىلسە بولغاي سەرفەراز.

بولما پىر ئالدىدە نازۇك شىشە دىل،
ھەم يەنە سۇست، بىمەزە، چۇن ئابۇ گىل.

ئايىنە چىرك، چۇن ئۇلسە بار سەيقەلگەرى،
دىل ئەگەر زەڭ ئۇلسە پىر سەيقەلگەرى.

ئەي بەرادەر، سەبىر قىل بۇ دەردى نىش،
دەفئ بولغەي زەخمى نەفسۇ كىبرى كىش.

كارى شەيتاندۇركى، قىلماق ئىزتىراب،
لۇتفى رەھماندۇكى، سەبرۇ ئىجتىناب.

ئىجتىنابى سەبر تەئلىمدۇر ساڭا،
ھەر زەمان ئاللاھ مەئلۇمدۇر ساڭا.

بولسە لەشكەر ئاندە بىر سەرۋەر بولۇر،
قەۋمى بىسەرۋەر تەنى بىسەر بولۇر.

پىر جانغە ئايىنەدۇر دەم بەدەم،
سەن روخى ئايىنەغە ھېچ ئۇرمە دەم.

ئۇلكى ھەقدىن تاپتىلار بەس ۋەھيى خاب،
قىلغان ھەر ئەمرى ئانىڭ ئەينى سەۋاب.

يەتمەگەي فەھمىڭ ئاڭا ھەم ئەقلى مەن،
قىلماغىل ئەمرىغە ھەرگىز شەككۇ زەن.

تىفلنى ئۇلتۇرسە خىزرى نامۇەر،
سىررىدىن ئاگاھ ئەمەسدۇر ئاملەر.

تۇت ئانىكى دامەنىن چالاكۇ چۇست،
بولماغىل ئەلبەتتە سەن زەئفناكۇ سۇست.

كورى مادەرزادنى بىينا قىلۇر،
سىفلنى بىر دەمدە سەفالى قىلۇر.

سەربەسەر كۆرسەڭ ئەجايىب كارلار،
قىلمە ھەر كارىغە سەن ئىنكارلار.

كېمەنى سىندۇردى دەپ بولمە مەلۇل،
سىررىدىن ۋاقىفدۇر ئۇل نىكۇ خوسۇل.

ئۇچراسە ئالەمدە ئالىي ھەممەتى،
بەرسە زەھرىنى دىگىل جان شەربەتى.

ئالسە بىر نانىڭنى ئۇل مىڭ نان بېرۇر،
ئالسە بىر جانىڭنى ئۇل مىڭ جان بېرۇر.

ئۇل ساڭاۋۇ بارچەگە رەھبەر ئېرۇر،
قىلسە ھەركىم ئىمتىھان ئۇل خەير ئېرۇر.

پىرنى ھەركىمكى قىلسە ئىمتەھان،
باتىنى كور بولغۇسىدۇر بىگۇمان.

سەن نە بىلگەيسەنكى، خەيرۇ شەررىنى،
ئىمتەھەن ئۆزىنى، ئاندىن ئۆزگەنى.

ئىمتەھەن قىل ئۆزنى، بول رەۋشەن زەمىر،
ئۆزگەنى قوي، ئۆزنى بىلگىل، يولغە كىر.

قىلدى ئىبراھىمدىن نەمرۇد ئىمتەھان،
ئۇل سەبەبدىن بولدى دەۋزەخ جاۋىدان.

سەنكى، سەرگىنسەنمۇ يا غەيرىمۇسەن،
ياكى مۇئمىنسەنمۇ يا كافىرمۇ سەن؟

ئەي پىسەر، بۇ سۆزغە كۆپ تەسدىق قىل،
بارىغە ئۆزۈڭنى سەن تەھقىق قىل.

يا شۇتۇرسەن ياكى مۇرغى دانەچىن،
ياكى رۇم فەرزەندى فەرزەندى چىن.

يا شەكەر سەن يا زەھەرسەن، ئەي جەۋان،
سەن ئۆزىڭنى ياخشى قىلغىل ئىمتەھان.

قىلماغىل ھېچكىمنى ھەرگىز ئىمتەھان،
تاكى بولغايسەن بۇ ئالەم زەڭى دان.

## ھېكايەت

بار ئىدى بىر كورى مادەرزادى خەب،
تالىبى خىزر ئېردى دائىم روزۇ شەب.

بولدى فارىغ كور بۇ خەننناسدىن،
تاپتى كور مەقسۇدىنى ئىخلاسدىن.

قايداسان، ئەي خىزر پەيغەمبەر، بەيا،
خاكى پايىڭ ئەيلەسەم مەن تۇتىيا.

ھەر ئەمەل ئىخلاسسىز بىئىئتىبار،
بەرچەدىن بۇ يولدە ئىخلاس ئىئتىبار.

گەر مۇيەسسەر بولسە پاك ئول دامەنىڭ،
بولسە بۇ كور كۆزلەرىم رەۋشەن مېنىڭ.

ئەي بەرادەر، تەرك قىل شەيتانىيەت،
ۋەرنە سەن شەيتان بولۇرسەن ئاقىبەت.

زىكرى بۇ كور ئېردى تۈن - كۈن دائىما،
كەلدى بىر كۈن ئالدىغە شەيتان دەغا.

پىر ئەگەر زەھر ئىچسە ئول شەھدى بولۇر،
سەن ئەگەر شەھد ئىچسەڭ ئول زەھرى بولۇر.

ئايدى، ئەي كور، ئايت مەقسۇدىڭنى سەن،
سەن تەلەب قىلغان ھەمىشە خىزر مەن.

كاملى گەر خاك ئالسە زەر بولۇر،
ناقىسى زەر ئالسە خاكىستەر بولۇر.

ئايدى كور، ئەي خىزر، دامەن بەر قولۇم،
كۆزلەرىم سۈرتۈپ كۆرەي مەن بىر يولۇم.

كاملى كۇفر ئالسە ئۇل مىللەت بولۇر،
ئالسە مىللەت ناقىسى ئىللەت بولۇر.

تالىب ئېردىم نىچە يىلدىن روزۇ شەب،
بۇ زەمان كەلتۈردى سېنى فەزلى رەب.

ئۇل كىشىكىم، بولسە بۇ يول پاكباز،
قىلغان ھەر فىئلى ئانى ئەينى نەماز.

بەردى كور ئىلكىگە شەيتان دامەنىن،
سۈر كوزىڭە بول بۇ غەملەردىن ئەمىن.

كىمكى قىلسە خەلقغە ھەق رەھنەما،
دەستى ئۇل ھەركارغە دەستى خۇدا.

ئالدى دامەن، سۈردى كور كۆزگە ئانى،
بولدى بۇ كور كۆزلەرى چولپان كەبى.

قىلما ئەيب سەن بەندەئى ئەللاھنى،
كىرگۈزۈر ھەق يولغە ھەر گۇمراھنى.

ئايدى ئىبلىس، ئەي دەرىخ ئىبلىسمەن،
ساھىرۇ مەككارۇ پۇر تەلبىسمەن.

ئۇرسە كۆل دەرياغە گەر يادى بىلە،
يوق بولۇر ھەۋز بىخى بۇنيادى بىلە.

ئۇلكى، دامەن پاك ئەمەس ئېردى سېنى،
مەنكى، سۈرغان دامەن ئېردى خىزرنى.

سەن بىھىشتدە خارۇ خەسنى ئىستەمە،
ئاي يۇزىدىن نۇقسۇ ئەيبنى ئىستەمە.

كەتتى ئىبلىس دەردى داغى جان بىلە،
قالدى كور بىنا بولۇب خەندان ئىلە.

* *

ئاڭلاغىل بۇ پەندنى، ئەي ئاقساقال،

بارچەدىن ياخشى بىلىپ، جان ئىچرە ئال.

ئۆتتى ئۆمرىڭ قىلمادىڭ بىر خۇلقى خۇش،
قەددى دۇتاۋ مو سەفىدۇ رو تۇرۇش.

ئاقساقاللىغ رىش ئاقلىغدىن ئەمەس،
ئاقساقاللىغ زەئفۇ ساغلىغدىن ئەمەس.

ئاقساقال ئۇلدۇركى، بولسە كۆڭلى ئاق،
بولسە ئۇل رۇم، چىن يا شامۇ ئىراق.

مو سەفىدلىق بىرلە بولماس پىر پىر،
نۇرى ھەقدىن بولسە ئۇل رەۋشەن زەمىر.

ئاڭلاغىل بۇ پەندنى، ئەي ئەھمەق بابا،
رىش سەفىدۇ دىل سىياھۇ قەد دۇتا.

تاپگەنى يوق ھېچكىم مەرگدىن ئەمان،
سەرۋىدەك قەددىڭ بۇ كۇن بولمىش كەمان.

جەھدلەر قىلساڭ بۇ نۇر رەخشان بولۇر،
ھەم بۇ يول مۇشكىللەرى ئاسان بولۇر.

ئەي بابا، سەن سەئيۇ كوشىش قىلمادىڭ،
مىسلى ئۆچگەن ئوتنى سەن ياندۇرمادىڭ.

كار ئۇچۇن كەلتۇردى ئادەم خەيلىنى،
سالدى كۆڭلىغە ئانىڭكى مەيلىنى.

ياكى مەيلىڭ باردۇر سوزى مۇبىن،
گىريەلەر قىل، بولماغىل ھېچ دەم ئەمىن.

كۆر ئەگەر مەيلىنى بار سۈيى سەما،
پىرى دەۋلەتۋاز قىلغىل ھەمچۇ جا.

قەسد قىل ئەسلىڭگە بۇ سۇدۇ زىيان،
نەفئ يوق، جانىڭگە، ئەي نادان، بىدان.

بولسە سەندە فەھمۇ ئەقلۇ يا تەمىز،
بازدەك پەرۋاز قىل ئەسلىڭغە تېز.

گەر سەما بارماقغە بار ئەسلىڭ سېنى،
ئاندە ئۇل رۇھانىيتە فىئلىڭ سېنى.

دەرد ئىلەھىممەتدە قىلغىل بالۇ پەر،
ئۇشبۇ مىھنەت جايىدىن بالا بۇ پەر.

ئەي ئەمەك، تا سىدرەدىن تا بۇ سەمەك،
تا مەلەك بولماي بىبەرلەمەسسەن فەلەك.

ئۆتسە يىللار، ئايلار، يازۇ قىشى،
يوقتۇرۇر نەفسۇ ھەۋا بىرلە ئىشى.

ھەر مەلەك ھەق ئەمرىغە چالاكدۇر،
مۇزدى خىزمەت يوق تەمەئەدىن پاكدۇر.

ئۇل مەلائىكلەر ئەمەس ئەركەك كىشى،
يوقتۇرۇر نەفسۇ ھەۋا بىرلە ئىشى.

ئەي بەرادەر، بىتەمەئ بول كاردىن،
كىم تەمەئدىندۇر ئەمەس غەمدىن ئەمىن.

قىلسە كىم تائەت بەرايى ئىنۇ ئان،
بولماغاي ئۇل داغى ھەسرەتدىن ئەمان.

كارى ھەقنى قىل بەرايى ھەق ئۇچۇن،
نە بەرايى ئەيشى بىرەۋنەق ئۇچۇن.

قىلمادىڭ يا زۇھدۇ يا تەقۋا بۇ كۇن،
بولدى جىسمىڭ سۇست بىتەقۋا بۇ كۇن.

روزۇ شەب ئەيلەپ ھەمە فىسقۇ فۇجۇر،
يانمادى كۆڭلۇمدە ھەرگىز شەمئى نۇر.

ئۆتتى ئۆمرىڭ يوق سېنى تائەتلەرىڭ،
نە خۇدا ئەمرىغە بار تائەتلەرىڭ.

خۇردۇ خابۇ ئىشرەتۇ بازى بىلەن،
تەبلۇ نايۇ چەڭۇ داف سازى بىلەن.

ئۆمرنى ئۆتكەردىڭ ئەيلەپ شادلار،
قىلمادىڭ ئاخىرغى كۇننى يادلار.

مەستلىغنى خەمرى ئىسياندىن ئىچىپ،

ئۆتتى ئۆمرۈڭ ئەمرى رەھماندىن قاچىپ،

ئەمدى كوتاھ بولدىڭۇ قەددىڭ زەبۇن،
قىلمادىڭ ھىچ خەيرۇ ئىھسانلەر بۇ كۇن.

قىلمادىڭ ئۆلمەكدىن ھەرگىز ئەندىشە،
ياخشىدۇر ئىدراكدە سەندىن پەشە.

تۈنۈ كۈن مەرگى لەھەدنى ياد قىل،
شەرم قىل ئەمدى، ئەھەدنى ياد قىل.

ئەي بەرادەر، ھەرگىز ئۆلمەسمەن دېمە،
يالغۇز ئۇل گور ئىچرە كىرمەسمەن دېمە.

بولسە ئاخىر گۈلشەنى ئۆمرۈڭ خەزان،
بۇلبۇلى جانىڭ بولۇر بىخانۇمان.

مالۇ مۈلكۇ جۇفتۇ فەرزەندىڭ ھەمە،
دەردۇ داغۇ فىتنە دىلبەندىڭ ھەمە.

ئۇشبۇلاركىم، زىينەتى دۇنيا ئېرۇر،
بەرچەسىدە پەردەئى مەئۋا ئېرۇر.

ئاڭلاغىل بۇ پەندنى، ئەي يارى خۇش،
باقىياتەس - سالىھات كىردارى خۇش.

جۇفتۇ فەرزەند مۇندە ئىشرەتلەر بىلە،
سەن ياتۇرسەن گوردە ھەسرەتلەر بىلە.

بىۋەفادۇر جەمئى دىلبەندىڭ بارى،
بارماغاي ھەمراھ سىېنى بىرلە بارى.

جان بېرۇرسەن ئۇل زەمان ئىتدەك ئۇلۇپ،
بارچە بارىڭ بۇ جەھان قالغاي تۇرۇپ.

گور ئەزابىغە سەن ئەندە مۇبتەلا،
قىلغاي ئۇل ۋارىسلەر مۇندە ماجەرا.

ئاڭلا سەن بۇ مەئنىئى ھۇببۇل - ۋەتەن،
ئەسلى بىر ئۇل گور بىرلەن ئۇشبۇ تەن.

ئارىيىەتدۇر بۇل ۋەتەن، ئەسل ئۇل ۋەتەن،
روزۇ شەب گورنى يارافىن ئەيلە سەن.

تاكى ئارىيىەت ئۆيۇڭ ئابادۇر،
خانەئى ئەسلىڭ سىېن بەرابدۇر.

ئۇشبۇ ئۆينى تېزراق ئاباد قىل،
جەھد ئەيلەپ ئەسل ئۆيىن بۇنياد قىل.

ئەي بەرادەر، سورمەگىل ئىككى نېمە،
بىر كۆڭۈلغە سىغماغاي ئىككى نېمە.

سەئيى قىل بۇ يولنى تەۋھىدنى بىل،
بولمەگىل ئەلبەتتە سەن ھەرگىز دۇ دىل.

ئەي پىسەر، بۇ سۆزنى ياخشى ئاڭلاغىل،
قىلمادى ھەق بىر شىكەمدە ئىككى دىل.

ئەيلەغەچ بىر دىلنى پارە - پارە سەن،
بۇ سەبەبدىن گۇمرەھۇ ئەۋۋارەسەن.

قىلماغاچ شەب - روز سەن پەرۋا ئەڭا،
تەڭرى ھەم قىلمايدۇرۇر پەرۋا سەڭا.

ھەركىشى ھەق ئۆيىنى ۋەيران قىلۇر،
ئۇل كىشىلەرنى خۇدا ھەيران قىلۇر.

دىل ئەگەر بىر بولسە ئۇل دىلدۇر سەلىم،
ھەر سەلىم دىل ئىچرە يوقتۇر خەۋفۇ بىم.

دىل ئەگەر بىر بولسە ئۇل دىل جايى ھەق،
ھەق چىقار ئۇل دىلگە ئەبدەك بولسە شەق.

مەن خۇدادىن ئۆزگەغە دىل بەرگەنىم،
گويىيا ئۇل دىلنى ئىككى بۆلگەنىم.

ئاڭلاغىل بۇ سۆزنى، ئەي ئەھلى ھەۋا،
سىغماغاي بىر دىل ھەۋا بىرلە خۇدا.

زىددى يەك - دىگەر بۇلەرنىڭ ھەر بىرى،
بىرى كىرسە بىرى چىققاي تاشقارى.

ئەي دىلا، بۇ يولدە يەك دىل ئىئتىبار،

ئىستەسەڭ ھەق غەيرىنى دىلدىن چىقار.

تاكى باردۇر ئۆيدە ئۇل نامەھرەمىلىك،
كىرمەگەي ئۇل ئۆيگە ھەرگىز مەھرەمىلىك.

قىلسە بىپىر جونبىشى مۇردار ئېرۇر،
مىسلى دۇمۇ كەژدۇمۇ يا مار ئېرۇر.

ئۇل مۇرىدكىم يۇرسە يول بىئىزنى پىر،
ئاقىبەت ئۇل بولغۇسىدۇر گورگۇ شىر.

ۋاي ئۇل مۇرغىكى يوقتۇر بالۇ پەر،
ئۇچقايۇ بالاۋۇ تۇشكەي دەر خەتەر.

بارچە لەززەتۇ ھەۋا تەزۋىرۇ دام،
بول پەناھى پەردەدە ھەر سۇبھۇ شام.

ھەر نېمەكىم، باردۇرۇر باشدىن ئەياغ،
دام بىرلە دانەدۇر باشدىن ئەياغ.

قىسسەئى ئادەم ساڭا گەر يाददۇر،
نەفس ئىلە شەيتان ئىككەۋ سەييाददۇر.

ئۇشبۇ ئالەم سەيدگاھىدۇر ئانىڭ،
ھەر تەرەفدە دامى راھىدۇر ئانىڭ.

قويماغىل ھەرگىز قەدەم بىپىر بۇ يول،
ھەر قەدەمدە چاھۇ ھەر مەنزىلدە غۇل.

خارۇ مارۇ شىرلارنى سانى يوق،
پىرسىز يۇرگەن كىشىنى جانى يوق.

تاكى شەيتان بىرلە نەفس جىسمىڭدە بار،
ھەردەم ئۇل سەييادلار قەسدىڭدە بار.

ياد ئال يادىڭگە پەندىم، ئەي ئەمەك،
يوق پەناھى پىرى كامىلدىن بۆلەك.

نەفس سەيياد ئۇلسە، پىر قەيياددۇر،
بولسە ئۇل كەميد ئۇل زىياددۇر.

بولسە ئۇل دەججالۇ بۇ ئىساۋۇ مەھد،
بولسە ئۇل زەھرىيۇ بۇدۇر مىسلى شەھد.

ئۇل سېنى ئۆلتۇرسە، بۇلار تىرگوزۇر،
ئۇل سېنى كور قىلسە، بۇلەر كۆرگوزۇر.

بار خۇدايىمنى بۇ قىسمى دوستلارى،
ئۇل ساڭا ئوخشار قەدۇ ھەم پوستلارى.

سەن ئۆزۈڭدەك ئانى تەنپەرۋەر دېمە،
بارچاسى ئۇل تەڭرىپەرۋەردۇ ھەمە.

ئەي بەرادەر ئەۋلىياۋۇ ئەنبىيا،
دەرھەقىقەت جۇملە فەرزەندى خۇدا.

شىرى غەيب بىسيار ئەز پىستانى كېش،
ھەق قىلۇر شەب - روز بۇلارنى پەرۋەرىش.

شىركىم، غەيبدىن قۇيۇلسە ھەلقىغە،
ھاجەتى يوقتۇر ئالارنى خەلقىغە.

دەم بەدەم ئۇل شىركىم ئەفزۇن بولۇر،
تامسە كىمنى ھەلقىغە مەمنۇن بولۇر.

تاپسە ھەر كىم شىرى ھەقدىن تەربىيەت،
راھى ھەقنى ئۇل قاچان قىلگەي غەلەت.

شىرى ھەقدۇر ئەينى ئۇل ئابى ھەيات،
قەترەئى نوش ئەيلەگەن بولماس مەمات.

ئەي دىلا، پىستانى ھەق چۇن ئەينى ئان،
ئەينى ئىلمۇ ئەقلۇ ئىشقۇ ئەينى جان.

يوقتۇرۇر قۇدرەتلەرىدە زەن - خىلاف،
بۇل ئەجەب پىستان بىر، ئەمما تۆرت شىكاف.

يوقتۇر ھەددىم سىررنى فاش ئەتكەلى،
قايدە بار بىر يار بەرداش ئەتكەلى.

ئەي خەراباتىي، سۇخەن كوتاھ قىل،
يانە بىر مەنزىلغە ئەزمى راھ قىل.

## پىرى كامىللارنىڭ جەھاندىن خالىي ئىرەمسىلكىنى بەيانى

باردۇرۇر ھەر ئەسرنى پەيغەمبەرى،
ئۇل ئىرۇر گۇمراھلارنى رەھبەرى.

ھەر تۈنى ماھتابۇ ھەر كۈن ئافتاب،
بولماسۇن دەپ بەندەم ئەھۋالى خەراب.

خالى ئىرمەس ئۇشبۇلاردىن بۇ جەھان،
ھىچ ۋەقت شەيخى زەمانۇ ھىچ مەكان.

نىچەكىم نەفس ئىلكىدە بولماس ئەسىر،
جۇستۇجو ئەيلەرمەن دائىم پىر - پىر.

پىرماغاۋۇ بەرچەلەرغە بۇ سەفەر،
ھەر بەلايى كەلسە بولغاي ئۇل سىپەر.

ئەي بەرادەر، ئىستەسەڭ چەقماق بەلەند،
نەردبان پەيدا قىل، ئاندىن چىق بەلەند.

نەردبان بولغايكى، بۇ خەۋفۇ خەتەر،
تا چىقىپ ئۇل قەسرە قىلغايسەن نەزەر.

نەردبان ئۇل قەسرىنىڭكى رەھنەما،
ئۇل چىقارغاي تەھتدىن ئەرشى ئەلا.

كىم يۈرۈر يول پىر ھىماياتى بىلەن،
ئۇل تاپەر مەنزىل ئىناياتى بىلەن.

ھەركىشىكىم كىرسە يولغە بىدەلىل،
بولغاي ئۇل سەرگەشتە ھەيرانۇ زەلىل.

تاكى باردۇر بۇ جەھان تەرسالارى،
باردۇر ئۇل ۋەقتىنى ئىسالارى.

بۇ جەھان ئۇل پىردىن خالى ئەمەس،
ھىممەتىڭ لېكىن سېنى ئالىي بەس.

بولسە ھەر دىلنىڭكى بىر دىلبەندى بار،
بولسە ھەر ئۆيىنىڭكى بىر خاۋەندى بار.

پەرزدۇر پىر ئىستەمەك مىسكىنۇ شاھ،
ئىككى ئالەم ئىچرە ئۇل پۇشتۇ پەناھ.

يار بول بۇ يار كۆرگىل يارنى،
سەرۋ قەد مەھتابدەك دىيدارنى.

يار ئۇل قىلسە بارىڭنى بەرتەرەف،
بارچەدىن يۈزىڭنى قىلسە بىر تەرەف.

ھەر دىيارده يار باردۇر، بۇي قىلۇر،
ئۇل سېنى يەك دىلۇ ھەم يەك روى قىلۇر.

نۇكتەلەر بىر نەچچەكۈن ئايدىم ساڭا،
پىر پىرۇ يار لازىمدۇر ساڭا.

تا تىرىكسەن بولما پىرىڭدىن يىراق،
بولغاسەن ئەلبەتتە غەيرىدىن يىراق.

تاكى باردۇر قەلبى بۇ زاتىڭ سېنى،
پىر جانۇ ئەقلۇ ئىمانىڭ سېنى.

*　　*

ئايدى بىر كۈن رەسۇلى سەرمەدى،
جۇرمنى تەھقىق سۆئۆز – زەن①دېدى.

ئۇل بىرى ئايدى بۇ يولدە ھەفت روز،
يوقتۇرۇر سۇ باردىكى پايى سوز.

ئۇل بىرى ئايدى، دۇرغدۇر، ئەي جەۋان،
باردۇر كۆپ چەشمەئى ئابى رەۋان.

جۇرم ئۇل بولغايكى، ئالغاي ئابى خاس،
تاكى بولغاي ئۇل بۇ تەرسادىن خەلاس.

---

① بەتگۇمان.

## نەفسكە خىلاپ قىلمانى بەياندۇر

مادەرى بۇتلار ئېرۇر نەفسىڭ ساڭا،
چۇنكى ئۇل مارىيۇ بۇ بۇت ئەژدەھا.

مۇسھەفۇ تەسبىھ نەفس ئىلكىدە بار،
خەنجەرۇ شەمشىر ھەم ئاستىدا بار.

مۇسھەفى سالۇسكە باۋەر قىلماغىل،
بىر نەفەس ھەمسىررۇ ھەمسەر بولماغىل.

مۇسھەفۇ تەسبىھلەرى ئەز رويى دام،
سەيد قىلغاي ئاملەرنى سۇبھۇ شام.

روزۇ شەب ئادەمنى ئۇل ئەفسۇن قىلۇر،
خەلقنى دىۋانەۋۇ مەجنۇن قىلۇر.

قىل ھەزەر، ئەي دوست، بارما قاشىغە،
تىغى «لاھەۋلە» بىلە ئۇر باشىغە.

قەتل قىل نەفسىڭنى سەن، بولغىل ئەمىن،
ھەم قۇتۇلغىل خەنجەرۇ شەمشىردىن.

بۇت ئاشاتگەن ئۇشبۇ يولدە سەھلدۇر،
سەھل بىلگەن نەفسنى ئۇل جەھلدۇر.

قويدى نەفس زەۋقىدىن ئادەم بىر قەدەم،
سەد ھەزاران تاپدى ئۇل دەردۇ ئەلەم.

كىم قەدەم قويسە بەرايى نەفسى زەۋق،
داغى فۇرقەتدىن سالۇر بويىنىغە تەۋق.

كىمكى ئۆلتۇرسە ئەگەر بۇ نەفسى گىبر،
دائىما فەرماندە خۇرشىدۇ ئەبر.

نەفس مەكرۇ ھىيلەنى ئۇستادىدۇر،
روزۇ شەب كۆڭلۇڭدە ئانى يادىدۇر.

بولسە دائىم ئۇشبۇ ساھىر دەر نىھاد،
ئۇل نېچۇك بىئەقلدۇر شەب ـ روز شاد.

ئەي بەرادەر، بولغىل ئاندىن باخەبەر،
«ئىننەفىل ۋەسۋاسى سىھرۇن مۇستەمىر»[1].

ئال بۇ پەندىمنى قۇلاقغە، ئەي پىسەر،
بارغىل ئۇل سەھراغە، بار تەرياق ـ زەھەر.

زەھر بەر نەفسىڭگە، سەن تەرياق ئىچىپ،
تېز ئۆلتۇر نەفسنى باشىن كېسىپ.

مەن تەبىبى ھازىقەم شاگىردى ھەق،
بەردى ھىكمەت ئىلمىن ئۇستادىم سەبەق.

ئۇل تەبىبى تەبئ نەبزىدىن كۆرەر،
كۆپ تەبىبلەر رەڭگى زەردىدىن كۆرەر.

ئۇل تەبىبى پوستۇ گوشتۇ ئۇستىخان،
مەن تەبىبى فەھمۇ ئەقلۇ قەلبۇ جان.

مەن كۆرەرمەن نەبزى دىل بىۋاستە،
دەردلەرىغە دارۇ بەرگۇم تەھ بەتەھ.

دەستى مۇزد ئالمەسمەن ھەر بىماردىن،
دەستى مۇزدىم ئالەمۇل ـ ئەسراردىن.

قايداسەن، بىمارلار كەلگىل ماڭا،
دارۇلار دەردىڭە بەرگەيمەن ساڭا.

ھەر نىچەكىم دەردى زەئىفلىڭ سەندە بار،
ئىستەسەڭ ھەرقانچە دارۇ مەندە بار.

تېز كەلگىل بىگۇمان بىنەڭگۇ نام،
ئالغامەن ئۇل خەزنەدىن ھەر سۇبھۇ شام.

فەھم قىل بۇ سىررى مەئنى، ئەي ئۇمۇم،
تاكى مەن فەرزەندى مەۋلانايى رۇم.

---

[1] ھەقىقەت ۋەسۋەسىدە دائىملىق سېھىر بول.

يوق ئىدى ئالەمدە تۈركىي «مەسنەۋى»،
ئاڭلاسە ھەر كىمكى دىن بولغاي قەۋىي.

ئەزبەرايى خاتىرى ياران ئۈچۈن،
تۈركىي قىلدىم سىنەئى سوزان ئۈچۈن.

قالماسۇن پۆشىدە دەپ بۇ گەنجنى،
تارتتىم بىر ئىككى كۈن بۇ رەنجنى.

سەربەسەر بۇ مەئنىئى قۇرئان ئېرۇر،
گوييا بىر شەمشىرى بۇرران ئېرۇر.

ئول سىپەر كۆڭلۈڭدەكى تەسدىق ئېرۇر،
بولماسا تەسدىقى دىل زىندىق ئېرۇر.

بىسىپەر شەمشىرگە بولمە رو بەرو،
ئەۋۋەلا قىلغىل سىپەرنى جۇستىجو①.

دەستى غەيب شەمشىرلەر ئۇرغاي بۇ گۇن،
كەتگەي ئول مۇنكىر جەھەننەم سەرنىگۇن②.

كەلىمەسە ھەركىم ئەگەر تەئخىر قىلىپ،
يوق ئاڭا ئۇشبۇ سەئادەتدىن نەسىپ.

ئەي ئوغۇل، تەئخىر ئاپەتدۇر ھەمە،
ئاقىبەت ئاپەت ھەلاكەتدۇر ھەمە.

ئول كىشىكىم، ئۆلسە بىئىسلامى دىن،
مۇتلەق ئول ئەسلا سەنالماس بەندەدىن.

گەر ھەۋا غالىب پەرىشانلىخ ئېرۇر،
شەھۋەت ئەر غالىب پۇشەيمانلىخ ئېرۇر.

ئەيلەگەچ خۇش قەددىنى شەھۋەت دۇتاھ،
يوقتۇرۇر شەھۋەتچە ھېچ ئاپاتى راھ.

ئەي بەرادەر، يۈزنى ئۆر دىۋارغە،
مۇنتەزىر بول يارنىڭ دىدارىغە.

بىزەبانۇ بىدىلۇ يەكتا نىشىن،
بارچە كەسرەتدىن بۇ جا تەنھا نىشىن.

جانۇ دىل بىرلە ئېشىتكىل، ئەي ئۇمۇم،
ئاڭلاگىل ئۇشبۇ سۆزۈمنى قىل فەيۇم.

ئول سەفايى دىل بۇ خىلۋەتدەدۇر،
ئول نە بۇ دۇنياۋۇ نە جەننەتدەدۇر.

مار بىھتەر مۇختەلىف ھەمراھدىن،
چاھ بىھتەردۇركى، ئانداغ جاھدىن.

خىلۋەت ئول خىلۋەتكى، بۇ ئەغياردىن،
نە ئۇشۇل خىلۋەتكى، خىلۋەت ياردىن.

غافىلا، كۆڭلۈڭدە تۇتقىل بۇ رۇمۇز،
پوستىن ھاجەت ئەمەسدۇر دەر تومۇز.

مار ئۇرار نىشمنى جىسمۇ جانىغە،
بۇ ئۇرار ھەم جانۇ ھەم ئىمانىغە.

ئايدى ئىسا ئىسمى ئەئزەم نېگە مەن،
ئوقۇدۇم مۇرداغە تابتى جانۇ تەن.

ھەر نېچە گوردە بولسە بىنىشان،
قىلدى بۇ گوردىن چىقىب ھالىن بەيان.

ئوقۇدىم نادانغە، تابتى ئەقلىلەر،
ئوقۇدىم گۇڭلارغە، قىلدى نەقلىلەر.

قىلدى ئاجىز ئول كۇنى ئەھمەق مېنى،
قىل خەلاس ئەھمەقدىن، ئەي يا رەب، مېنى.

ئۇچراسە ھەر يەردە ئول ئەھمەق قۇلاق،
قاچتى ئىسا ئاھۇدەك ئەندىن يىراق.

يوق سەفالىك ئىتدە، لېكىن باۋەفا،
بار نە بۇ ئەھمەق ۋەفاۋۇ نە سەفا.

① خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 399 - نومۇرلۇق قولىيازما مۇشۇ يەرگىچە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ بېيىتنىڭ ئالدىدىكى بېيىت قولىيازمىدا چۈشۈپ قالغان.

② خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 408 - نومۇرلۇق قولىيازما مۇشۇ يەرگىچە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ قولىيازمىدا مەزكۇر بېيىتنىڭ ئالدىدىكى «ئول سىپەر كۆڭلۈڭدەكى تەسدىق ئېرۇر» دېگەن مىسرادىكى «سىپەر» چۈشۈپ قالغان.

روزۇ شەب ئۇل جەق ـ جەقۇ دەق ـ دەق قىلۇر،
ئۆز ـ ئۆزىنى كافىرى مۇتلەق قىلۇر.

ئەي بەرادەر، سەندە باردۇر گەر تەمىز،
كۆرسەڭ ئۇل ئەھمەقنى تېز ئاندىن گۆرىز.

يوق ئەجەب گەر مۇردە ئۆرسە زىندەنى،
بول ئەجەب ئۆلتۈرسە مۇردە زىندەنى.

ئەي بەرادەر، بولمەي ئەھمەقدىن يىراق،
قىلماغىل بۇ ئۆيدە ھەرگىز تۇمتەراق.

ئۇل سېنى ھەر يەردە تاپسە ئۆلتۈرۈر،
ئاتەشى لەئنەتدە دائىم كۆيدۈرۈر.

قىل تەرىقى، ئال بۇ يولدە چاشنى،
رايگان ئۆتكۈرمە سۇبھۇ چاشنى.

ئىستەسەڭ يارۇ لىقا پەيۋەستە سەن،
بىۋەفالارغە چەرا دىلبەستە سەن.

بەندە بول، زىنھار سۇلتان بولماغىل،
گوي بول مەيداندە چەۋگان بولماغىل.

## بىدار ۋە ھۇشيارلىكنىڭ بەيانىدۇر

ئەي دىلا، ھەر روزۇ شەب بىدار بول،
بارچەنى قوي، تالىبى دىيدار بول.

شەب ئەگەر بەد رەڭگۇ، ئەمما نىكى بار،
ئابى ھەيۋان ھەم ئۇشۇل تارىكى بار.

مۇسا كۆرگەن نار تەھقىق نۇردۇر،
رەڭگى شەب رەڭگىيۇ ئەمما ھۇردۇر.

بەندەدىن سورگەي خۇدا مەھشەر كۈنى،
كەل يەقىن، ئەي ھەدىيەلىغ كۆرگىل مېنى.

ئەيلەدىم ئاراستە جەننەتنى مەن،
ھېچ بەرگى سەبزە ئالىپ كەلدىڭمۇ سەن.

يا يانىپ بارماقنى قىلدىڭمۇ خىيال،
يا ئالىپ كەلمەكدە قىلدىڭمۇ خىيال.

ئانچە نىئمەتلەر بېرىپ ئېردىم ساڭا،
ئۇل جەھاندىن نىمە كەلتۈردىڭ ماڭا.

يا مەگەر ئۇل خىمرنى نوش ئەيلەدىڭ،
يا مېنى مۇتلەق فەراموش ئەيلەدىڭ.

بەر ھىسابۇ بەر جەۋابىنى ئانىڭ،
مەقبۇل ئېرمەستۇر ماڭا ئۇزرىڭ سېنىڭ.

باردۇر ئۇل ھەممەلەرنى ئالدىدا،
خاھ شاھى بولسۇنۇ، خاھى گەدا.

ئەي بەرادەر، روزۇ شەب ئەندىشە قىل،
ئۇل سۇئالىڭنى جەۋابىن پىشە قىل.

ئايدىلار فەھم ئەيلەيۇ ھۇشيار بول،
تېز تۇن بۇ ئۇيقۇدىن بىدار بول.

خابۇ خۇر كەم ئەيلە شەب ـ روز ئەندەكى،
يوقتۇر ھېچ ھەيۋاندە غەفلەت سەندەكى.

ئۆتتى شەب ـ روز شۇكرى نىئمەت قىلمادىڭ،
جانۇ دىل يەكبار تائەت قىلمەدىڭ.

ئەيلەدىڭ دىلنى سىيەھ، سافىڭ قەنى؟
بەندە مۇئمىن بولساڭ، ئىنسافىڭ قەنى؟

ئۆتتى ئۆمرىڭ ھەيف دائىم خابناك،
زاھىرۇ ھەم باتىنىڭ ئالۇدەناك.

مەن سېنى شەب ـ روز قىلدىم تەربىيەت،
سەن مېنى ھەر دائىما قىلدىڭ غەلەت.

جانۇ كۆڭلۈڭ بىرلە سەن ياد ئەتمەدىڭ،

دەردى سوزنى بىرلە فەرياد ئەتمەدىڭ.

سۇبھۇ شام ھەر روزۇ شەب باقتىم ساڭا،
باقمادىڭ سەن ھېچ سائەت بىر ماڭا.

ئۆتتى ئۆمرىڭ فىسق كۆپ ئىسيان بىلەن،
ئەمدى بولغىل خەير ھەم ئىھسان بىلەن.

روزۇ شەب قىل خابى دىلدىن ئىھتىيات،
مۇردەدۇر ھەر خابى دىل ئېرمەس ھەيات.

ئەيب ئەمەس بۇ چەشمى زاھىر خابى گىل،
مۇردەلەرنىڭ مۇردەسىدۇر خابى دىل.

ئەي دىلا، ئانى فەرامۇش ئەيلەمە،
ئۆزنى ھەم ئانىيۇ خامۇش ئەيلەمە.

جان بېرىپ، ئال ئىشقدىن بىر دەرد سەن،
مۇردەسەن، بىدەردسەن، نامەردسەن.

بارچە بۇ بازاردە تەييياردۇر،
ھەر قەدەم يەتمەس مەگەر بسياردۇر.

بارچەنى باردۇر خەريدارى تولا،
ئىشقغە لېكىن خەريدارى كۆجا؟

بولسە ھەر بىرنى بەھاسى ئىنۇ ئان،
لېكىن ئۇل ئىشقنى بەھاسى قەلبۇ جان.

باردۇر سۇگان ئارا بازارى ئىشق،
ھەم ئېرۇر سۇگان ئارا دۇككانى ئىشق.

ئەي دىلا، سەن تېز ئالىب بار نەقدى جان،
نەقد بەرسەڭ نەقد بەرگەي ئۇل زەمان.

بەرسە ئال جانىڭغە گەر بىر زەررە ئىشق،
بەرمەسە ئۇل ئىشقنى، ئال پىرى ئىشق.

زاتى ئىشقدىن ئۆزگە پىرى خۇشكۇ تەر،
ئىشق دۇككانىغە ئۇلدۇر بالۇ پەر.

ئەي بەرادەر، پىرى ئىشق بۇ دەرددۇر،
يۈزنى ئاندىن ئۆگرۈگەن نامەرددۇر.

دەردسىز جان مىسلى گەردۇ يا غۇبار،
دەردلىغ جان مىسلى ئەبرى نەۋبەھار.

ھەر نېمەكى بولسە بۇ دۇنيايىدىن،
بەرچەسى بۇ ئەبرنى بارانىدىن.

بەلكى ئەقلۇ ئىلمۇ دىن، ئىمانىنى بەر،
زەررەئى ئۇل دەردغە يۈز جاننى بەر.

بولماغايسەن كاھىلۇ زەئفناكۇ سۇست،
ئۆپلە بۇ سەۋدانى سەن چالاكۇ چۇست.

ئەندەكى بۇ سىررىدىن قىلسام كىتاب،
خەلقى ئالەم بارچەسى بولغەي خەراب.

ئەيتۇرەم، لېكىن زەبان ھەمدەم ئەمەس،
بەلكى بۇ سىر قەلبۇ جان مەھرەم ئەمەس.

ئەي خەراباتىي، بۇ دەم خامۇش بول،
لەب بىدوز پەيۋەستەۋۇ دىلجوش بول.

## گۆرۈسنەلىكنى فايدەسىنىڭ بەيانى

كىم شىكەمنى خالىي بۇ ناندىن قىلۇر،
ئۇل شىكەمنى دۇررۇ نۇراندىن قىلۇر.

كۆپ يېمەكلىكدىن ئېرۇر دىل يارەسى،
دېۋى مەلئۇننى بولۇر ھەمشىرەسى.

كۆپ يېسە ھەركىم بولۇر مانەندى ئۆي،
بولغاي ئۇل دىل نەفس ئىلە شەيتانغە ئۆي.

ھەر كىشىكىم كۆپ يېسە مۇرداردۇر،
ئۇل كىشىكىم، نەقشى بار دىۋاردۇر.

ئۆل شىكەمكى، خالىدۇر زىنداني نەفس،
سالماساڭ زىندانغا بولغاي نەفس غەفس.

ئال ھەمە شەب ـ روز نەفسىڭدىن خەبەر،
بولسە نەفسىڭ غەفس، قىل ئاندىن ھەزەر.

بۇ ھەرىسى بەتن ھەم ئاندىن ساڭا،
ھەم مەرىزى قەلب ھەم ئاندىن ساڭا.

بەئزىلەر بولسە گۇرۇسنى سەگ بولۇر،
بولسەلەر گەر سىير ئۆل بەدرەك بولۇر.

زەئفى جۇئ بىھتەردۇر ئۆزگە زەئفىدىن،
روزۇ شەب بولغاي ئانىڭكى رەفئىدىن.

تاپتىلار بۇ يولدە بەھرە ئەھلى جۇئ،
كۆپ يېمەككە قىلماغىل ھەرگىز رۇجۇئ.

جۇئنى ئادەت قىلىپ خاساني ھەق،
جۇئدىن ھەر پەردەئى دىل بولدى شەق.

ئەي ئوغۇل، ئانى تەھەممۇل قىلمادىڭ،
روز ـ شەب سەبرۇ تەھەممۇل قىلمەدىڭ.

كاسە پەھلۇ، كاسە نان بالايى نان،
ئەزبەرايى بۇ تەئام خۇرانىيان.

بۇ شەرابۇ بۇ كەبابۇ بۇ شەكەر،
خاكنى رەڭگىدەدۇرلار، ئەي پىسەر.

ھەر نېمەكىم، خاكدۇر بەر خاكغە،
ئەزم قىل ئاندىن كېيىن ئەفلاكغە.

كەم يېگەندىن چىقتى رۇھۇللاھ فەلەك،
كۆپ يېگەندىن تۇشتى قارۇن تا بەدرەك.

ھەر كىشىكى، ئۇشبۇ تۇن بىدار ئەمەس،
ئۆل كىشىلەر لايىقى دىيدار ئەمەس.

روزۇ شەب ئۇشبۇ جەھان باشدىن ئاياغ،
سەربەسەر مەشغۇلى ھەسرەت بىرلە داغ.

ئۆل كىشىكى، كەم يېمەكنى قىلدى خۇي،
تاپتى ئۆل ئالەمدە چەندان ئابرۇي.

كۆپ يېسە كۆپ ئەقل بولغاي كورۇ كەر،
كەم يېگەنلەر ئالدى بۇ يول بەھرەلەر.

كۆپ يېگەن بىماردۇر ھەر روزۇ شەب،
مۇبتەلادۇر بۇ بەلايى دارى تەب.

كىمكى ئالەمدە يېمەككە زاردۇر،
ئاخىرەتدە جانىغە ئازاردۇر.

ئۆزىدىن ھەم يوقتۇرۇر ئاندىن خەبەر،
نامى ئۆل ئازارنىڭ جۇئۇل بەقەر.

تويماغاي ھەرگىز جەھاننى نانىغە،
بەرمە، يا رەب، بۇ بەلا ھېچ جانىغە.

تالىبى نانلەر ھەمە نانسىز كېتەر،
ئاقىبەت ئالەمدە ئىمانسىز كېتەر.

ئەي بەرادەر، كەم يېگىل بىدار بول،
بولماغىل ئەغيار، بولساڭ يار بول.

كۆپ يېگەنلەر بەندەئى شەھۋەت بولۇر،
كەم يېگەنلەر لايىقى رەھمەت بولۇر.

ئۆل كۆڭۈلكىم، بولسە بۇ نەفسۇ ھەۋا،
ئوچكەي ئۆل دىل ئۆيىدىن شەمئى سەفا.

ئۆچسە گەر ناگاھ قەندىلھايى دىل،
نەفس ئەئزانى قىلۇر ئىسيانغە دەلىل.

كىمكى بولسە چەرب با شىرىن تەلەب،
يوق ئاڭا بۇ يولدە فەزلى لۇتفى رەب.

لوقمەلەر گەر سەندە بولسە پۇر گوھەر،
ئۇرمە دەم چەندان يېگىل قىلماي خەبەر.

بولسەلەر مەئدەڭدە پاكىلەر پەلىد،
قۇفل ئەت ھەلقىڭنى پىنھان قىل كەلىد.

ئەي پىسەر، با ھەرگى تەن ھەم ھەرگى جان،
شۇغلىدۇر ھەر ئىككىسىنى ئىنۇ ئان.

چەربى شىرىن بىرلە تەن فەربەھ بولۇر،
ھەرنە فىئلى ھەربەئى ئەبلەھ بولۇر.

بەند قىل ئاغزىڭنى ئولسۇباز قىل،
گۇل بىلە رەيھان يېمەك ئاغاز قىل.

كىم غىزا تىفلىغە بەرسە مۇختەلىف،
بولغاي ئول ھەيراندىن ئىستەر تەبىب.

تىفلنى زەئىف ئىلە بولسە ئاغزى بەند،
ھەم بولۇر ئول دايەنى پىستانى بەند.

ھەر كىشى ئەيش ئىلە قىلسە بادە نوش،
بادەئى شەيتان بولۇر بۇ فەھمۇ ھوش.

دۇشمەنى ھەق بولسە ھەر جا خاردۇر،
جايىدۇر مىنبەر ئەمەسدۇر داردۇر.

* *

باردۇرۇر بىر بىشە ئىچرە گاۋى نەر،
بىر رىۋايەت گاۋ دەر، بىر راۋىي خەر.

بار بۇ بىشە كۆپ ئەلەف، بىسيار ئاب،
گاۋغە بۇ بىشە جايى خۇردۇ خاب.

كەڭرۈسى بۇ بىشەنى دۇنياچە بار،
لېك گاۋ مەنزۇرىدە ھەلقەچە بار .

سۇبھدىن تا شام يەر بۇ ناخەلەف،
نە قالۇر بۇ بىشە ئابۇ نە ئەلەف.

سەممۇرۇپ سىغماس بۇ بىشە ۋەقتى شام،
ھەم ئەلەف ھەم ئاب بولغايلار تەمام.

بولدى بۇ سائەتدە گاۋى با خەر،
پىشۇ پەس ھەم ئوڭۇ سول قىلدى نەزەر.

نە قالىپدۇر قەترە ئابى نە گىياھ،
بىشە بولمىش مىسلى دەشتى كەربەلاھ.

ئۇردى بۇ ھالەتدە گاۋ بىر ئاھى سەرد،
بولدى پەيدا ئاھدىن جەمئىغە دەرد.

ئەي دەرىغا، فەھمۇ ئىدراكىم قانى،
ئەرتە يەرگە ئابۇ خوراكىم قانى،

زەئىف بىرلە كەتتى مەغزۇ گوشتۇ قان،
بولدى بۇ غەم بىرلە پوستۇ ئۇستىخان.

روز يۇز مەن ياغۇ گوشت پەيدا بولۇر،
شەب بۇ ياغۇ گوشت ناپەيدا بولۇر.

كۈندۈزى مەستانە بۇ يايلاقىغە،
شاد ئولۇپ ئاۋاز ھەم تويلاقىغە.

بولسە كۈندۈز گويىيا ئەژدەر بولۇپ،
بولسە شەب بىر گەرمكى لاغەر بولۇپ.

ئەي پىسەر، بۇ گاۋ ھالىنى كۆرە،
كىچە قوپماس ھېچ ئورنىدىن ئۆرە.

ئۆتكەرۇ ئۆمرىنى دائىم روزۇ شەب،
كۈندۈزى ئارامى يوق تىنماي نە شەب.

ئەي بەرادەر، ئال بۇ نەقلىدىن خەبەر،
ئىسمى بۇ گاۋنى ئېرۇر جۇئۇل ـ بەقەر.

باردۇر بۇ قىسىم ئادەملەر تولا،
روزۇ شەب نەفسۇ ھەۋاغە مۇبتەلا.

بۇ جەھان ئول ئادەمىنى بىشەسى،
يوقتۇر ئاندىن ئول جەھان ئەندىشەسى.

ئول كىشىكىم، گاۋنى گاۋرانىدۇر،
بۇجەھان باشدىن ئەياغ يايلاقىدۇر.

ھەرسى دۇنيادۇر ئوشۇل جۇئۇل ـ بەقەر،
ئەي بەرادەر، ھەرسىدىن قىلغىل ھەزەر.

## سەبرۇ تەھەممۇلنى بەيان قىلىنۇر

قىلدى پەيدا كىمىيالاردىن خۇدا،
كىمىيا يوق سەبرى ئادەمدەك يانا.

كار ئەگەر باسەبردۇر، خارى خۇدا،
كار ئەگەر بىسەبردۇر، نەفسۇ ھەۋا.

باردۇر سەبر ئەھلى كۆپ ھەر ئەسردە،
فەھم قىلغىل سەبرنى «ۋەل ـ ئەسر»①دە.

سەبر زەۋقىنى نە بىلگەي تىيرە دىل،
ئىستەسەڭ بۇ زەۋقنى سەبر ئىستەگىل.

سەبر قىلماس ھەر كىشى دۇنيايى دۇن،
قايدە قىلغۇڭ سەبر «نىئمەل ـ ماھىدۇن»②.

بولماسە ھەركىمنىڭكى ئەندىشەسى،
يوق ئانى پاكۇ پەلىددىن سەبرىسى.

بۇ ئەجايىبدۇركى، ئۇل تىيرى دىلى،
ئىستەمەس ئۇل ھېچۋەقت سەيقەلگەرى.

ئىستەسەڭ ئايىنەنى قىلماق جەلىي،
سەيقەلى قىل، سەيقەلى قىل، سەيقەلىي.

گەر كىشى ئاھەننى كۆب سەيقەل قىلۇر،
ئۇل بولۇر ئايىنەۋار ئانى كۆرۇر.

كىم بۇگۇن سەبرۇ تەھەممۇل بىرلەدۇر،
تاڭلا ئۇل تەختۇ تەجەممۇل بىرلەدۇر.

كېلسە گەرھەقدىن سەڭە جەۋرۇ جەفا،
بۇ جەفا بىرلە ئۇراغلىقدۇر سەفا.

قىلمەدى پەيدا خۇدا بى پەردە شەي،
بۇ جەفاۋۇ جەۋرۇ مېھنەت پوستى ۋەي.

بۇ بەشارەتدىن، دىلا، سەن شاد بول،
روزۇ شەب بۇ مىللەتۇ مەزھەبدە بول.

ئىستەگىلۇ، ئىستەگىلۇ، ئىستەگىل،
دائىما سەبرۇ تەۋەككۇل ئىستەگىل.

سەبرلىغلەر تەڭرىنى پەرۋەردەسى،
سەبردۇر سىدقۇ سەفانى پەردەسى.

سەبردىن مەن ھەر نېچە قىلسەم كەلام،
قىيامەت بولمەگەي ھەرگىز تەمام.

سەن كەچۇرسەڭ ئۇمر سەبرىلەر بىلەن،
بىگۇمان ئاللاھ سابىرلار بىلەن.

ئەي بىرادەر، تەرك قىل بۇ هايۇ هۇي،
قىسسەئى مازىيۇ مۇستەقبەلنى قوي.

مازى مۇستەقبەل سەنى ھەيران قىلۇر،
سەرگەرانلىغ بىرلە روگەردان قىلۇر.

قىسسەئى نەھۋۇ نۇجۇمۇ تىببۇ ھەرف،
ئۇشبۇلەر تەئسىرى دىلغە يەخۇ بەرف.

ئۇشبۇ يول سەبرۇ تەھەممۇلنى يولى،
ئەيلەھىممەت، يولغە كىرگىل بىر يولى.

ئۇشبۇلەر ھەركىمگە بۇ يول توشەسى،
بولمەسە مۇندىن بۆلەك ئەندىشەسى.

كىرسەڭ ئۇشبۇ يولغە بىئەندىشە كىر،
يول يىراقۇ يۈك ئاغىر، مەركەب يەغىر.

تېز بول بىخانۇ مان ئەندىن رەۋان،

---

① «قۇرئان كەرىم»، سۇرە ئەسر.
② سەۋر ناھايىتى ياخشى داستىخان.

تاكى بول ئۇل دوزدۇ رەھزەندىن ئامان.

بولسە بۇ ئالەمدە ھەر نە كەررۇ فەر،
قىلمەغىل زىنھار ئەڭە ھەرگىز نەزەر.

مېھرى دۇنيا گەرچى بىھەد، بىڭەدەد،
جۇملەسى بوينىڭگەدۇر ھەبلى مەسەد[1].

«ئىننەما ئەمۋالۇكۇم»[2]نى ياد قىل،
مۇلكۇ مالۇ جۇفتىنى بەرباد قىل.

ئەي دىلا، دائىم تەفەككۇر پېشە قىل،
گۇلمۇسەن يا خارمۇسەن، ئەندىشە قىل.

گەر گۇل ئېرسەڭ ئىستە ئۇل گۇلزارنى،
خار بولسەڭ ئىستە دائىم نارنى.

تىز ئال ئۇستۇڭدەگى بۇ بارنى،
تىز سالغىل بوينۇڭغە زۇننارنى.

ۋەھ نە خۇش مىللەت ھەلاكەت مىللەتى،
بەرچەدىن بالا ئەنىڭكى ھىممەتى.

بولسە ھەركىمنىڭ ئالىي ھىممەتى،
ۋەئدەدۇر «لا تەقنىتۇ مىن رەھمەتى»[3].

روزۇ شەب ئۇشبۇ يول ئىچرە ئەي ئەمەك،
توشە يوق غەير ئەز تەۋەككۇلدىن بۆلەك.

ھەركىشى بۇ سىررىدىن ئاگاھ ئەمەس،
ھەر ئەمەل شايىستەئى دەرگاھ ئەمەس.

بەندە بىرلە ھەق ئەرا بىر پەردە بار،
ئۇشبۇ پەردە ئىچرە بار پەرۋەردىگار.

بولمەسە ھەركىمنى ئالىي ھىممەتى،
يوقتۇرۇر بۇ پەردەغە ھېچ تاقەتى.

«ئىسمۇھۇ ھازەل ھىجاب ئەينۇل بەلا»[4]،
كىمكى تاقەت قىلسە ئۇل كۆرگەي لىقا.

ئەي دىلا، كۆرمەكنى سەن ئاسان دېمە،
كىمدە يوق بۇ تاقەت ئۇل ئىنسان دېمە.

ئۇل بەلا يۈزلەنسە ئەندىن بۇ تەرەف،
مەرھابادە ئۇل يۈگۈرسە بىر تەرەف.

ئەقل ئېمەس نەفىئ بەلانى بىلمەگەن،
مەرد ئېمەس يۈزنى بەلادىن ئۆگۈرگان.

سۇدى يوق بۇ يولدە ھەرگىز رىشى تەن،
فەرقۇ مەردۇ زەن بەلا بەرداشتەن.

ئۇل بەلايى ناگاھان بولسە دۇچار،
زاھىدۇ ئابىد ئەنى كۆرمەي قاچار.

مەرد بەلا كۆرگەندە ئۇل «زىدنا»[5]دېگەي،
زەن بەلا كۆرگەندە «ئىھفەزنا»[6]دېگەي.

ئەي پىسەر، سەن زۇھرۇ شامۇ ئەسرۇ فەجر،
قىلمەگىل زاھىد كەبى دەئۋايى ئەجر.

فەرقى بۇ يول ھىممەتۇ تاقەت ئېرۇر،
نە ئىبادەت بىرلە نە تائەت ئېرۇر.

ئۇل بەلا ئەنداغ بەلايىدۇر سەڭە،
تاقەتى يوقتۇر جەھەننەمنىڭ ئەڭە.

ھەفت دوزەخ نالە قىلگەي، ئەي ئىلاھ،
سەي مەڭە ئىشق ئوتىدىن بەرگىل پەناھ.

ئىستەسەڭ بۇ يولدە جاننى رىزقىنى،
ئىستەھەر دائىم بەلايى ئىشقىنى.

---

① چىگە، تانا، ئارغامچا.
② سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار بىر تۇرلۇك سىناقتۇر؛ «قۇر-ئان كەرىم»، سۇرە تەغابۇن 15- ئايەت.
③ مېنىڭ رەھمىتىمدىن ئۈمىدۋار بولۇڭلار.
④ ئۇنىڭ ئىسمى: بۇ توسۇق دەل بالا - قازادۇر (سىناقدۇر)
⑤ كۆپەيتىپ بەرگىن، زىيادە قىلغىن.
⑥ بىزنى ساقلىغىن، بىزنى ئاسرىغىن.

زىندەلىغ ئۆلمەكلىك ئۇل مېھنەتدە بار،
ئابى ھەيۋان ھەم ئۇشەل زۇلمەتدە بار.

بۇ غەمى مېھنەتدە دائىم قىشۇ ياز،
بۇ غەمى مېھنەتدە بار ئۇمرى دەراز.

ئەي بىرادەر، كەلسە ئەندىن كەر بالا،
ئۇل بەلادۇر ئەينى ئەلتافى خۇدا.

كىم بەلاغە شاد ھەم بىكىن بولۇر،
بۇ`كىشىگە ئۇل بەلا شىرىن بولۇر.

ھەر جافاۋۇ جەۋرلەر مېھنەت ئېرۇر،
بۇ رىيازەتلىك ھەمە رەھمەت ئېرۇر.

سەن بېرىب جۇفتۇ فەرزەند، مۇلكۇ مال،
مېھنەتۇ دەردۇ مەلامەتلەرنى ئال.

قىلدى بۇ ئەرز ئەرزى تەڭرىغە سەما،
بەر ئەمانەتمنى تابشۇرغۇم سەڭە.

بولدىلەر لەرزان ھەمچۇن بەرگى بىد،
يىغلەدىلەر ئانچە سۇرخۇ سەفىد.

بولدىلەر بىتاقەتۇ ئەجىز ھەمە،
بۇ ئەمانەت بىزگە سەن جائىز دېمە.

ئەرشۇ كۇرسىيۇ مەلەك لەۋھۇ قەلەم،
بولدى بۇ ۋەھمىدە بەرچە قەددى خەم.

ئەيدىلەر، يا رەببىكى، لايى قاتىمىز،
يوق تەۋەككۇل، سەبرىيا تاقەتىمىز.

قىلدىلەر كۆب نالە مەخلۇقات ئەڭە،
قىلمەدى ھېچ قەيسىسى تاقەت ئەڭە.

ھەق تەئالا قىلدى خاكىغە نەزەر،
بۇ ئەمانەت خانە دەرسەن، ئەي بەشەر.

ئەيدى، سەن بىناۋۇ داناۋۇ خۇدا،
مەن نە بىلگۇمدۇركى خاكى زىرى پا.

كۆردى ھەق بۇ لايى خاكى فانىينى،
شۇل زەمان تاپشۇردى ئەماناتىنى.

بۇ ئەمانەتدۇركى، بىر گەنجى ئەزىم،
ئۇل بۇ زاھىرىبىنغەدۇر رەنجى ئەزىم.

بۇ ئەمانەت ھەر كىشىغە باردۇر،
دەرد بولسە ئاقىبەت دىيداردۇر.

زاھىرىدۇر دەردھەم جەۋرۇ جەفا،
باتىنى تەرياقدۇر ئۇل زەھر ئەرا.

ئەي بىرادەر، خاھلەسەڭ بولماقنى مەرد،
جان بېرىب ئالغىل بۇ كۇن بىر زەررە دەرد.

تەلخلەر شىرىن مۇھەببەتدىن بولۇر،
مىسلەر ئالتۇن ئۇل مۇھەببەتدىن بولۇر.

ئۇل بەلالەرنى كۆتەرگەچ ئەۋلىيا،
ئۇل سەبەبدىن ئەيدى ھەق ۋەقت بىيا.

كىم بەلا دەردىدە مەھزۇنتەر ئېرۇر،
خەلقى ئالەمدىن بۇ ئەفزۇنتەر ئېرۇر.

جەۋرى زۇلمى كافىران بۇ سەبرى نوھ،
بولدى ھەققە سەيقەلى مىرئاتى روھ.

بولسەلەر ھەر رەنج بۇ ئۆلۈمنى پارسى،
جانغە يوق ئۆلمەكدىن ئۆزگە چارەسى.

رەنج جۇزۋى مەرگدۇر ئەچچىغ ـ سۇچۇك،
يوق خەلاسى جۇزۋدىن، كۇللىدىن نېچۇك.

ئەي پىسەر، مېھنەت ئۆلۈم پەيغەمبەرى،
دەرد ئېرۇر راھى خۇدانى رەھبەرى.

ئۇشبۇ مېھنەتدىن دەمى يۇز ئۆگۇرمە،
دەردلىغ ئادمنى بىرەھبەر دېمە.

كىمكى بەندى شىرىن ئۇل جان ئېلتمەگەي،
كىمكى بەندى  تەندۇر ئىمان ئېلتمەگەي.

## تۇتى ۋە سەۋداگەرنىڭ قىسسەسىنى بەيانى

قىسسەكىم، بار ئىدى سەۋداگەرى،
بىئەدەد ئېردى ئەننىڭ سىمۇ زەرى:

قىلدى بىر كۈن ئىختىيار ئەزمى سەفەر،
ئەھلى ئەۋلادىغە بەردى بۇ خەبەر.

ئەيدى، مەن قىلسەم سەفەر، كېلسەم يەنە،
كېلتۈرەي سەۋغات سىزلەرغە نىمە؟

ئەيدى، ئەيتىڭ ھەر قەيۇ سېۋگەنىڭىز،
تاكى سىزغە كېلتۈرەلىك ئانى بىز.

ھەر قەيۇ كۆڭلىدە بارىن ئەيدىلەر،
بىر ـ بىر ئەيتىب بەرچە تەئيىن قىلدىلەر.

بار ئىدى سەۋداگەرنى تۇتىسى،
ئاقىلۇ دانا ئىدى بەس تۇتىسى.

بەئد ھەم تۇتىسىغە ئەيدى ھەمە،
كەلتۈرەي دېدى سەۋغاتدىن يەنە.

ئەيدى تۇتى، قىلسەڭىز مۇندىن سەفەر،
گەر يولۇقسە ئەندە ناگاھ تۇتىلەر.

دەڭ ئەلەرغە، بىزدە ھەم بىر تۇتى بار،
ئۇل قەفەس ئىچرە گىرىفتار ئىنتىزار.

ئەيتىڭىز ئەلەرغە بىزدىن بۇ سەلام،
قىلمەڭ ئەلبەتتە فەرامۇش ئىنتىزار.

ئەيتىڭ ئەيتۇر مۇبتەلادۇرمەن قەفەس،
يوق تۇرۇر غەير ئەز خۇدا فەريادەرس.

بىزغە سەۋغات تۇتىلەر نى دېسەلەر،
ئەيدى تۇتى، كەلتۈرۈڭ ئەندىن خەبەر.

ئاقىبەت سەۋداگەر ئۇلدەم تېبرەدى،
يولغە تۇشتى نېچە مەنزىل يۈرۈدى.

ناگاھان بىر نېچە تۇتى ھەم كېلىب،
ئۇل دەرەختە باشىگە ئولتۇردى قونۇب.

تۇتىلەرگە ئەيدى سەۋداگەر بۇ سۆز،
ئېشىتىڭ، ئەي تۇتىھايى دىلفۇرۇز.

دەب ئىدى سىزلەرغە بىر تۇتى سەلام،
لېكىن ئۇل بەندە قەفەسدەدۇر مۇدام.

ئەيتىب ئېردى مۇبتەلادۇرمەن قەفەس،
خۇش گىرىفتارۇ بەلايى خارۇ خەس.

ئېشىتىب بۇ سۆز بەناگەھ تۇتىلەر،
تۇشتى يەرغە بەرچە بىسمىل بولدىلەر.

كۆردى خاجە تۇتىلەر بولدى ھەلاك،
ئۆردى سەۋداگەركى ئاھى دەرناك.

ئەيدى، مەن قەيدىن بۇ سۆز ئەيدىم ئەگە،
جانۋەرلەر بەرىسى بولدى مەگە.

كەتگەچ ئۇل سەۋداگەر ئەندىن ناگەھان،
تۇتىلەر ھەم ئۇچتى كەتتى شۇل زەمان.

باردى ئۇل سەۋداگەرى، كەلدى يانىب،
ھەر قەيۇ دېگەن ساۋغاتىن ئالىب.

ھەر بىرىگە بەردى ئۆز سەۋغاتىنى،
كۆڭلىن ئاۋلەب قىلدىلەر دىل شادىنى.

ئەيدى تۇتىگە، نە سۆز ئەيدىڭ مەڭە،
تۇتىلەرنى قانىنى قىلدىڭ مەڭە.

سەن دېگەننى بەرچەسىن ئەيدىم ئەڭە،
ئۇل كۈنىكىم سەن نە سۆز ئەيدىڭ مەڭە.

ئېشىتىب بۇ سۆزنى تۇتىلەر رەۋان،
باش ـ ئەياغ بىلمەي يىقىلدى شۇل زەمان.

ئالدى خاجە ئۇل قەفەسدىن تۇتىنى،
ئۇشلەبان كۆردىكى، باشۇ بويىنىنى.

شۇنچەكىم چىقمەگەن بىر جانى بار،
كۆزىنى گاھى ئاچىپ، گاھى يۇمار.

قويدى يەردە ئۇل يىراق تۇردى باقىپ،
سىلكىنىپ ئۇچتى قەناتلەرىن قاقىپ.

ئۇچتى تۇتى تامغە قونديۇ رەۋان،
قىلدى خاجە شۇل زەمان ئاھۇ فىغان.

ئەيدى تۇتى، كەتتىم ئەمدى، خوش قالىڭ،
ھەر نە مېھنەت قىلدىڭىز رازى بولىڭ.

ئەيدى سەۋداگەر نېچۇك بولدى بۇ ھال،
مەڭە ئەيغىل، دېدى، ئەي تۇتى بۇ ھال.

ئۇل نە سۆز ئېردىكى سەن ئەيدىڭ مەڭە،
بۇ سۆزىڭ دېگەچ بۇ دەم ئۆلدى ھۇما.

ئەيدى تۇتى، مەن بۇ سۆز ئەيدىم بۇ سۆز،
مۇبتەلادۇرمەن قەفەسدە شەب روز.

دېدىم، ئەندە نە ئىلاج قىلسەم بولۇر،
بۇ قەفەسدىن خەستە جانىم قۇتۇلۇر.

سەن بۇ ھالىمدىن ئەڭە بەردىڭ خەبەر،
قۇتۇلۇرنى فىكرىنى قىلمىش ئەلەر.

فىكر ئەيتىپدۇرلەركى، ئۇل ئۇلسە بولۇر،
بۇ قەفەس زىنداندىن تەسكىن تافۇر.

بۇ قۇتۇلماقنى ئەلەر ئۆرگەتتىلەر،
تۇتىلەركىم، بۇ سەبەبدىن ئۇلدىلەر.

گەرچە تۇتى ئۆلدىلەر، ئۆلمەدىلەر،
«مۇتۇ قەبلە ئەنتەمۇتۇ» بولدىلەر.

ئۇل سەبەبدىن مەن ئۆزىم قىلدىم ئۆلۈك،
شۇكرىكىم، سەد بار غەم بولدى سەبۇك.

ئاقىبەت تا ئۆلمەسدىن قۇتۇلمەدىم،
تۇتىلەردەك گەشتى سەيران قىلمەدىم.

خوش قال ئەمدى، دېدى ئۇچتى شۇل زەمان،
باردى تۇشتى مەنزىلغە شادىمان.

ئەي بىرادەر خوش ئېشىتىڭ قىسسەنى،
ئەمدى ئەيتەي ئېشىتىڭلەر غۇسسەنى.

بىل يەقىنكىم سەن ئۇشەل سەۋداگەرى،
ئەيشۇ ھىرسىڭ يۇز ت ۋمەن سىمۇ زەرى.

ئۇلتۇرۇپ كۆڭلۈك نېچە سەۋدا قىلۇر،
نەفسى شەيتانسەن بەلا غەۋغا قىلۇر.

جەھد ئېتەرسەنكى، تاپەي دەب سىمۇ زەر،
ئۇل ئەياغىڭگە ئۆزىڭ ئۇرىپ تەبەر.

بىل ئۇشەل تۇتى سەنى جانىڭ ئېرۇر،
ئۇل قەفەسكىم، جىسمى بۇ فانىڭ ئېرۇر.

تۇتىي جان بۇ قەفەسدە بولدى بەند،
ئىچتى شەربەت، قىلدى ئىشرەت، يىدى قەند.

چۇن ئۇنۇتۇر ئەسلى كەلگەن زاتىنى،
ھەم فەراموش قىلدى گۈل، گۈلزارىنى.

فىكر قىل ئەسلىڭ نە ئېردى، سەن نەسەن،
قىل تەفەككۇر قەيدە كەلدىڭ، قەيدە سەن.

سەير ئېتىپ كۆرگىل ۋۇجۇدىڭ شەھرىنى،
چارسۇ بازارۇ بەھرۇ بەررىنى.

سەن بۇ يەردە سەن ئۆزىڭنى ئوتغە سال،
قوي بۇ قالىڭ بىرلە كۆرگىل ئەھلى ھال.

ھەركىشى ئۇل تۇتىدەك ئىش قىلمەدى،
بۇ قەفەس زىنداندىن قۇتۇلمەدى.

ئەي خەرابىي، قىسسەنى كۆتاھ قىل،
چۇستى چابۇك تۇرگىل ئەزمى راھ قىل.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، دوكتور)

# «ئىلاجەل ـ ئەمراز» (كېسەللىكلەر داۋاسى) رىسالىسىدىن①

**ھەكىم يۈسۈفى**

## تىترەك كېسىلى

بەلغەم ئېشىپ كېتىپ تۇتقاندا تىترەك،
مۇناسىپ دورىدىن ئىچكۈزگەن خوپراق،
سەۋەبى مەي ياكى جىمائىدىن بولسا،
مەي بىلەن جىمائىدىن بولسۇنلار يىراق.

## ئەزالارنىڭ لىپىلدىشى

ئەزا لىپىلداش گەر كۆرسە يۈزنى،
لىپىلدىغان يەرگە باس قىزىتىپ تۈزنى.
بۇنىڭ بىلەن كەتمىسە بەدەن پاكلىقى
ھەبب كەر يار قىلسۇن شۇ زامان ئۆزنى،

## پەي تارتىش (چەنگەك)

بەدەندە پەي تارتىشنى قوزغىسا بەلغەم،
ئازابىڭ ئاشىدۇ، راھەت بولار كەم.
بەدەننى تازىلا، ئۇنداق قىلمىساڭ
ئېغىرلىشار كېسەل ئورنىغاچ مەھكەم.

## تەمەردۇد②

ھەركىم تەمەردۇدقا بولسا گىرىپتار،
سۇرگىدىن ئىچكەندە پايدا قىلسا يار؛
تېنىگە سىرتلانىنىڭ يېغىدىن ياكى
ئېيىقنىڭ يېغىدىن سۇركىسۇن تەكرار.

## كۆزدىكى ئەگرى ياكى تەتۈر كىرپىك

ئەگرى ياكى تەتۈر كىرپىك بولسا دەرد،
مېڭىنى پاكلاشقا كىرىشكىن بىھەد.
پاكلىشىڭ ئەملگە ئاشقاچ پۈتۈنلەي
تەشمىر③ قىل، خۇدايىم ئەيلىسۇن مەدەد.

## كۆز گىرۋەكلىرىنىڭ ئىششىقى

كۆز گىرۋىكى قېلىنلاپ ئىششىسا پات ـ پات،
پايدىلىق بىر سۆزنى مەندىن ئالغىن ياد.
سېمىز ئوت ياپرىقى، تۇخۇم ئېقىنى،

---

① بۇ ئەسەرنىڭ بىر قىسمى ژورنىلىمىزنىڭ 1996 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.
② تەمەردۇد ــ گەدەن قېتىپ قېلىش.
③ تەشمىر ــ كېسىش، يېرىش.

قوشۇپ كۆزگە چاپلا، دەرد بولار بەرباد.

## كۆز بۇرجىكىنىڭ ئىششىقى

كۆز بۇرجىكى ئىششىپ ئېچىلمىغان ئان،
ئۇنى «غەزەپ» دېيىشەر، ئەي سېخىي ئىنسان.
ماش ئېزىپ ئۈستىگە قويۇلسا ئەگەر،
ئۈمىد باركى، داۋا بولار شۇ زامان.

## تۆرفە (كۆز ئېقىغا چېكىتسىمان قان چۈشۈش)

كۆز ئېقىغا قان چۈشۈش بولغاندا زاھىر،
دىلىڭ بولسا ئاندىن پەرىشان خاتىر؛
كۈندۈر كۆيدۈرۈپ تۇتسالار تۇتۇنىگە كۆز،
تۈزۈلمەي قېلىشى كام بولۇر سادىر.

## ھوشىدىن كېتىش (غەش)

بىلىم كۆزىنى ئاچ، يۈز بەرگەندە غەش،
لازىم ئاڭا نېمە سەۋەب بار ئاڭلاش.
سەۋەبى قاندىنمۇ ياكى سەپرادىن،
يا باشقا ماددىمۇ بىلىپ داۋالاش.

## ئەمچەك ئىششىقى

داۋالاشقا كىرىش ئەمچەك ئىششىسا،
غاپىل بولۇپ ۋاقتىنى قىلمىغىن زايە.
پىدىگەن ئېزىپ ئاڭا سىركەنجۇبىل قوش،
ئىككى - ئۈچ قېتىم سۈركەپ تۇرغىن ھەركۈندە.

## سۈت ئازلىق

تەمى ئاچچىق بولۇپ كېمەيگەندە سۈت،
پەرھىز ئۈچۈن ئەسلا قىلمىغىن سۈكۈت.
نىلۇپەر شەربىتى، ئارپا سۈيىدىن
ئىچكۈزگىن ئىسسىقتىن ئۇنى يىراق تۇت.

## يەلدىن بولغان مەيدە ئاغرىقى

قوزغالغاندا يەلدىن مەيدە ئىللىتى،
سۆزۈمنى ئاڭلىغىن، جېنىڭ ھۆرمىتى.
پەرھىز قىلدۇر ئۇگرە، يەسمۇقلاردىن،
بەرگىن راۋاج بىلەن دىنار شەربىتى.

## سەپرا ۋە بەلغەمدىن بولغان مەيدە ئاغرىقى

سەۋەبى بولسا مەيدە دەردىگە سەپرا،
سۈرگىدىن ساقلىقى بولىدۇ پەيدا.
بەلغەم بولسا ئۇنىڭ سەۋەبى ئەگەر،
تەندىن ھەيدەپ «رەس①»دىن يېگىن دائىما.

## سەۋدادىن بولغان مەيدە ئاغرىقى

مەيدە ئاغرىغاندا بىلسە گەر كىشى،
سەۋدا سەۋەبىدىن ئېرۇر تەشۋىشى.
سۈرگە ئىچۈر، ئەمما قاق گۆش، يەسمۇقتا
ئوخشاش نەرسىلەردىن يېمەسلىك ئىشى.

## مەيدە ئىششىش

مەيدە ئىششىش ئۈچۈن سەۋەب بولسا قان،
قان ئالدۇر، باسمىسۇن سېنى ھاياجان.
ماددىسى بولغاندا باشقا خىلىت ئەگەر،
«تازىلاش»② دەپ بىلگىن داۋاسىن ھەرئان.

## قان قۇسۇش

قان قۇسۇش قوزغىسا قورقۇنچ ۋە غەم،
سۆز ئېيتاي، سۆزۈمنى ئاڭلىغىن بىردەم.

① رەس — مۇرەككەپ دورا.
② تازىلاش — سۈرگىلەر ۋاستىسى بىلەن ئىچنى خىلىتلاردىن تازىلاش.

مىرت دېنى شەربىتى، ئەرەب يىلىمى،
سوقۇلغان كەھرەبا بىلەن ئىچ ھەردەم.

## ھىق تۇتۇش

«تولۇش» تىن ھىق تۇتۇش كىمگە بولسا يار،
دورا ئۇچۇن ئۇنىڭغا بۇيرۇماق دەركار.
بوشالغۇچى بولسا ھىق تۇتۇش ئەگەر،
داۋالاشتىن كەچكىن، بەرمىگىن ئازار.

## ئىشتىهانىڭ بۇزۇلۇشى
## (چالما - كېسەك يېيىش)

كېسەك ۋە شۇنىڭدەك نەرسىدىن ئىنسان
يېسە ھالى بولار خارابۇ - ۋەيران.
ئاڭا سەۋەب بولغان خىلىتنى مەيدىدىن
قەي قىلدۇر، سۈرگى بىلەن چىقار شۇ ھامان.

## جىگەر ئىششىش

جىگەرنىڭ ئىششىشىغا سەۋەب بولسا قان،
قان ئالسا ئاندىن نەپ يېتەر بىگۇمان.
باشقا خىلىت سەۋەبى بولسا، سۈرگىدىن
ئىچكىن تەندىن كېسەل قوغلىنار شۇ ئان.

## جىگەر زەئىپلىكى

جاندىن سەبرىڭ ئالسا جىگەر زەئىپى،
زىرىق شەربىتىدىن تېپىلۇر نەفى.
توخۇ گۆشى، مېغىز، يەنە ئانادىن
يېسەڭ ھاسىل بولار بۇ ئىللەت دەفئى.

## يەنە شۇ ھەقتە

زەئىپ بولسا ئەگەر ھەركىمدە جىگەر،
زەئىپلىكتىن كۆرسەڭ يۇزىدە ئەسەر.
بۇيرۇغىن ئانار يېسۇن، لېكىن نارەنج
يېمىسۇن، شۇبھىسىز كەلتۈرەر زەرەر.

## ھەزىمنىڭ بۇزۇلۇشى

ھەزىم بۇزۇلۇشتىن يۈز بەرسە زەخمەت،
بۇيرۇغىن سەپەر قىلىپ چەكسۇن رىيازەت.
جىگەر زەئىپلىكى بولسا سەۋەبى
قۇۋۇەت بەرگۈچىدىن يېسۇن ھەر ۋاقىت.

## ئىستىقا (سېرىق سۇ كېسەللىكى)

ھەركىمدە ئىستىقا ئىللىتى ئاشسا،
سۇ ئىچمەي تۆگىنىڭ سۈتىدىن يۇتسا.
مۇيەسسەر بولمىسا داۋا ئۇچۇن بۇ،
بولىدۇ تۆگىلەر ئىچىدە ياتسا.

## يەنە شۇ ھەقتە

دورا تەلەپ قىلار بولسا ئىستىقا،
رەۋاج ئىسكەنجەبىن مۇناسىپ داۋا،
قىرغاۋۇل ۋە كەپتەر باچكىسىن يېگۈز.
مېۋىدىن ئانارنى بەرسەڭ كۆپ ئەلا.

## سېرىق كېسەللىكى

سېرىق بولۇپ سەبرى كەتسە ھەربىر ئەر،
مۇۋاپىق يوسۇندا قەيگە سۈرگى بەر.
توخۇ گۆشى، نوقۇت ۋە يەنە قېتىق
ھەمدە ئانار سۈيىن توختاتماستىن بەر.

## يەنە شۇ ھەقتە

سېرىق كېسىلىدە كىم بولسۇن تامام،
چاچراتقۇ سۈيى ئىزلىسۇن مۇدام.
تۈزەلمىسە «دىنار» سىركەنجۇبىلىدىن،
ئىچىپ تۇرىۋەرسۇن دائىم سۇبھى - شام.

## تەلاق (تال) ئىششىقى

تەلاق ئىششىقىغا گىرىپتار بولسىڭىز،
قايىز نەرسىلەردىن ئەيلەڭىز پەرھىز.
كابۇل كۇچۇلىسى ئىچىڭ، سىركەنجۇبىل بىلەن،

تەن دۇرۇستلۇق پەيزى ھاسىل بولار تېز.

### تالنىڭ باد (يەل) ۋە ئىششىقى

تالدىكى يەل دىلنى ئەيلىسە ناشاد،
قورسىقىڭ كولدۇرلاپ، پەيدا بولار باد.
«دىنار»شەربىتىدىن ئىچىشىڭ كېرەك،
تېنىڭنىڭ قۇۋۋىتى بولماستا بەربات.

### ئىچ سۈرۈش تەدبىرى

ئىچ سۈرگەندە دورىغا بولساڭ گەر موھتاج،
سوغۇق يەلدىن قاچقىن، بۇ ياخشى ئىلاج.
سوغۇق سۇغا چۈشمە، سەۋەبى تېنىڭ
ساقلىق تېپىپ، سەھەت باشقا بولسا تاج.

### سەپرالىق ئىچ سۈرۈش

سەپرادىن ئىچ سۈرۈش يۈز بەرسە ئەگەر،
زىرىق شەربىتىدىن داۋا يوق ئۆتەر.
گۈرۈچنى قىزىت، زىرىق شەربىتى بىلەن،
تاناۋۇل ئەيلىسەڭ ياخشى نەپ بېرەر.

### ئۆچەي يارىسى

ئۆچەي يارىسىدىن، ئەي يۈرىگى داغ،
كۆنلىرىڭ تۈن بولسا مىسالىكى زاغ؛
كېسەل تۈنى كېتەر ئەگەر ئەنجىبار
شەربەتتىن تاپساڭ، ياندۇرساڭ چىراغ.

### يەنە شۇ ھەقتە

ئۆچەي يارىسىدا ئۆزنى بىلمىدان
چاغلىغۇچى كۆكنارنى قاينىتىپ ھەرئان؛
تازىلاپ مىرىت ياكى ئالما شەربىتى
بىلەن ئىچ، تاپارسەن پايدا بىگۇمان.

### سىركىگە ئوخشىغان قۇرت

ئۆچەيدە تۇغۇلسا «ئۈششاق قۇرت»ئىسمى،
قىچىشار دوستلارنىڭ مەخسۇس جاي قىسمى.
سەبۇر، سېدىنەدىن شامچە قىل، ئازاد
بولىدۇ قۇرت بىلەن توزىغان جىسمى.

### قاپاق ئۈرۈقى قۇرتى (كەدۇدانە)

كەدۇدانە ئۆچۈن ئەجداد ئىزىنى،
تۇتقىن - دە، ئال بەرەنىق ياڭاق مېغىزىنى.
خورما قوشۇپ، مەجۇن قىلىپ ئۇخلاشتىن
ئالدىن يە، كۆرمەيسەن بۇ دەرد يۈزىنى.

### بوۋاسىر (گېمورروي)

بوۋاسىر رەنجىدە تەبىبى ھازىق[1]
تاۋۇز ۋە ئانارنى كۆرىدۇ لايىق.
«سافىن»دىن قان ئالار، توخۇ ۋە ئۆگرە،
ھەمدە زىرىق سۈيىنى كۆرەر مۇۋاپىق.

### چوڭ تەرەت ئېغىزى (مەقئەت) يېرىلىش

مەقئەت يېرىلىش پەيدا بولغان گېز[2]
بىمارىڭ داۋاغا موھتاج بولۇر تېز،
ئالما، بېھى، زىرىق، لىمون، تاتىمگە
ئوخشاش قابىزلاردىن ئەيلىسۇن پەرھىز.

### مەقئەت ئىششىقى

مەقئەت ئىششىسا تەكشۈر، بۇ قانداق ئىششىش؟
قاندىن بولسا لازىم دەرھال قان ئېلىش.
شەپقەتلىك دوستلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلا،
سەپرا بولسا لازىم سۈرگىدىن ئىچىش.

---

① تەبىبى ھازىق — ئۇستا تېۋىپ.
② گېز — چاغ، ۋاقىت، مەزگىل.

## بۆرەك تېشى

بۆرەك ئىچىدە ئەگەر مەۋجۇت بولسا تاش،
نەيزىدەك سانجىلسا، قالمىسا بەرداش.
ئوغرى تىكەن سۈيىنى تەك كۈلى بىلەن،
ناھاردا ئىچىلسە ساقلىققا يولداش.

## بۆرەك بادى (يېلى)

مەلۇم بولسا كىشى بۆرىكىدە باد،
توز، كېپەك قىزىتىپ بېسىشنى ئال ياد.
بىمار زېرەك بولسا ھەركۈن ئەتىگەن،
«مان ئۇسۇل» ئىچسە دىلى بولار شاد.

## بۆرەك زەئىپلىكى

بۆرەك زەئىپ بولسا قىمىرلىما شاش،
«ئەفلونىيا» بولسا داۋاغا موھتاج.
سۇسلۇقتىن ئالەت ئوخشىسا مۇمغا
بۆرەكنىڭ كۈچىدىن قاتار گويا تاش.

## بۆرەك ئىششىقى

بۆرەك ئىششىسا ئەسلا تارتمىغىن تەشۋىش
ئىدرەك ئەھلى تۇتقان كەبى تۇتقىن ئىش.
ماددىسى قان بولسا ياكى باشقا خىلىت،
بەدەندىن قوغلىبان لازىم پاك قىلىش.

## بۆرەك يارىسى

بۆرەك يارىسىدىن دىلىڭ بولسا تەڭ،
سۈيدۈكتە كۆرۈنسە كۆپۈكلەر گۆشرەڭ.
تېنىڭ سىھەت تاپار بىر نەچچە مۇددەت،
ئۆگرە يېپىلىرىدىن ئۈزمىسەڭ پەنجەڭ.

## دوۋساق تېشى

ئەھۋالىڭ قىيىنسا دوۋساقتا سەنگى[1]،
جېنىڭغا غەم يېتەر يېگىدىن - يېگى.
بۇ دەردنى داۋالاش ئۈچۈن تېۋىپقا،
ھەجەرەل ياخۇرنىڭ يوق ئەسلا تېگى.

## دوۋساق ئىششىقى

ئەي دوۋساق ئىششىقىدىن جېنى ئازابتا،
قىينىلىپ سىيمەكتۇر بىلسەڭ بۇ بابتا.
سەۋەبى قان بولسا، قان ئال، سەپرانى
سۈرگە بىلەن قوغلاپ تاشلا - شىتابتا.

## دوۋساقتىكى يەل

يەلدىن بولسا دوۋساق دەردى ناگىھان،
غاپىل بولما ھېكمەت يولىدىن بىر ئان.
كانا كۆنجۈت يېغى ۋە «مائى ئۇسۇل»
ئىچىۋەر، شىپاسىنى بەرگەي ئۇل زامان.

## دوۋساق قىچىشىش

دوۋساق قىچىشىشتىن يۈز بەرگەندە غەم،
قوبۇل قىل سۆزۈمنى جان دەپ سەن بۈدەم.
تەلپىڭ داۋادىن ھاسىل بولغۇسى،
ئېشەكنىڭ سۈتىدىن ئىچسەڭ دەممۇ - دەم.

## سۈيدۈكنىڭ تامچىلاپ كېلىشى

سۈيدۈك تامچىلاشقا بولساڭ گىرىپتار،
ئاندىن دىلىڭ بولسا ھەم غەمكىن، ھەم تار.
داۋا كېرەك بولسا «ئىتىرىفىل» دىن يە،
يادىڭدىن چىقارما بۇ سۆزنى زىنھار.

## قىينىلىپ سىيىش

سۈيدۈكى تۇتۇلۇپ، كىشى بولسا خار،
سوغۇق مىزاج ئاڭا دەلىلدۇر ئاشكار.

① سەنگى — تاش.

ئەرمەن ساداسىدىن سۆيدۈك يولىغا
قويۇلسا، ئېچىلىپ سىھەت بولۇر يار.

## ئورنىغا سىيىپ قويۇش

ئۇيقۇدا سىيمەكلىك بولسا ئادىتىڭ،
پەرھىز قىل كام بولسۇن يېگەن تامىقىڭ.
سەھەردە بىر دانە، كەچتە بىر دانە،
«بەرشىشا» يېمەككە بولسۇن ئادىتىڭ.

## جىنسىي زەئىپلىك

زەئىپلىكتىن بولساڭ دىلخەستە ۋە خار،
جىمائ ئۈچۈن بەختىڭ بولمىسا ھېچ يار.
دىلىڭ تاماق تارتسا قۇچقاچ مېڭىسى،
كەپتەر تۇخۇمىدىن يېگەيسەن تەكرار.

## ئالەت يارىسى

ئالەت يارىسىدىن كىم كۆرسە تەشۋىش،
ئىششىقتىن خالىي بولسا، بولمىسا ئىششىش،
مۇرتەك، سىركە، موم ۋە گۈل يېغى، ئانار
ئۇرۇقىدىن لازىم مەلھەملەر قىلىش.

## ھەيز كۆپلۈكى

ھەيز كۆپەيسە ۋە كۆز بولسا قىزىل،
ئەمچەكنى باغلىماق ياخشى داۋا بىل.
قان ئالغىن، قويۇلدۇر قان سۇيۇق بولسا،
بولمىسا قان كۆپ كېتىپ، غەمگە تولۇر دىل.

## ھەيز كەلمەسلىك

سېمىزلىكتىن ھەيز تۇتۇلغان زامان،
ئاچلىق بىلەن ئورۇقلات جىسمىڭنى ھەرئان.
تىقىلمىدىن بولسا تەكشۈرۈش ئۈچۈن،
ئاچقۇچىدىن بېرىپ سىناپ كۆر ھامان.

## بەچچەدان بوغۇلۇش(ھىسترىيە)

ئۇرۇق بەچچەداندىن تۇتۇلغان ۋاقىت،
ئۆزدىن كېتەر خوتۇن بىر نەچچە مۇددەت.
جىمائ قىلماق ئۈچۈن ئۇ بىلەن ئېرى،
بولمىقى لازىمدۇر ياش ھەم با قۇۋۋەت.

## ئايallar جىنسىي ئەزاسىنىڭ قىچىششى

سەپرا ئېشىپ قىچىشقان بولسا بەچچەدان،
ئايالنىڭ كۆچىگە بېقىپ ئاشۇ ئان؛
مۇناسىپ سۈرگىدىن بېرىلسە ئەگەر،
ساقلىقى ئەسلىگە كېلەر، شادىمان.

## بالىنىڭ قىز ياكى ئوغۇللىقىنى بىلىش

بۇ ئەلى سۆزىدۇر زور پەن ئىچىدە،
ھامىلدار بولسا ئايال، ئەرتە - كېچىدە.
ئوغۇل بولسا بالا، قارىغىن ئاۋۋال،
يۈز بېرەر يوغىناش ئوڭ ئەمچىكىدە.

## ھامىلدار ئايال تەدبىرى

بېرىلىپ سۆزۈمگە سەن سالساڭ قۇلاق،
ئىككى قات تەدبىرىن ئېيتىمەن بۇ چاق.
ھامىلە بولغاندا مۇمكىن ئەمەستۇر،
تومۇردىن قان ئېلىش ۋە سۈرگى ئىچمەك.

## بەل ئاغرىقى

بەل ئاغرىقىنى پەيدا قىلغاندا بەلغەم،
كېسەلگە سۈرگىنى ئەيلىگىن ھەمدەم.
ئېغىر يۇك كۆتۈرۈپ يۈز بەرگەن بولسا،
گۈل يېغى سۈركىسە نەپ قىلۇر ئول دەم.

## ئولتۇرغۇچ نېرۋا ياللۇغى (ئېرقۇننىسا)

ئېرقۇننىسا كىمگە يەتكۈزسە ئەلەم،
ئاغرىقى ئاشىدۇ ئۇنىڭ دەممۇ - دەم.
بەدەندىن دەرھال قوغلاپ چىقارغىن،
دەردكە سەۋەبچى خىلتنى شۇدەم.

### نۇقرىس①

نۇقرىس ئىلاجىغا بېرەي يوللانما،
ئېھتىمال قۇتۇلارسەن ئېلىپ قوللانما.
ماددا سەپرا بولسا، بەلغەم ياكى قان،
سۈرگى قىل، قان ئالدۇر، قۇسقىن، ئويلانما !

### دائۇل ــ فىل (فىل كېسەللىكى)

«دائۇل فىل»دىن جېنىڭ چېكەر بولسا غەم،
ئاياق يوغانلىشىپ بارسا دەممۇ ـ دەم.
قويۇق خىلىتتىن بولسا پاكلا ئىچىڭنى،
قاندىن بولسا چاپسان قاننى ئەيلە كەم.

### سەرەتان (راك كېسەللىكى)

ھەركىمنى سەرەتان ئەيلىسە سوراق،
يۈرىكى يورىماس ياقسىمۇ چىراغ.
يوقىتىش قىيىندۇر، پەرقسىزمۇ ئەمەس،
«تەنقىيە»③ قىلسا ۋە قىلمىسا بىراق.

### ماخاۋ

كىمگە يەتسە ئەگەر ماخاۋ ئىللىتى،
بۇ دەردتىن قۇتۇلماق بولسا نىيىتى،
قان كۆپ بولغاندا، تومۇردىن قان ئال،
ئەپتىمون قاينىتىپ بەر، شۇ چارىسى

### سفلىس (زەخىم فەرەنگى)

«فەرەنگى» دەردىدە ساھىبى ئىززەت،
دۈشمەنگە قارشى كۈچ ساقلا ھەممە ۋاقت.
قەيد قىلغىن، جىماغا بېرىلمە ئارتۇق،
ھەردەم يە، لىك يېمە ھېچ كەچكى ئاۋقەت④

### يەنە شۇ ھەقتە

فەرەنگى دەردىدىن ھال بولۇپ يامان،
جىمائغە ئىمكانىڭ بولمىغان ھامان.
ھەر ئىككى ـ ئۈچ ئايدا قان قالدۇر، كېسەل
يوقىلىپ، تۈزىلىپ كېتەر بىگۇمان.

### يەنە شۇ ھەقتە

ئاياق قويماق ئۈچۈن بۇ دەرد يۈزىگە،
شاھۇ، دەرۋىش كىرسۇن بەندە سۆزىگە؛
سىماب ھەببى ياكى ئېلاكىسىدىن.
ئىچسۇن ۋە تۇتەتسۇن يەنە ئۆزىگە.

### يەنە شۇ ھەقتە

«فەرەنگى» دەردىدىن يۈرەكتە پىراق،
سۆز ئېيتاي دىلىڭدا ساقلىساڭ بىراق.
قىيرۇتي سىمابىڭ ساڭا ساز بولۇر،
تەجرىبە قىلغۇچى نەزدىدە مۇتلەق.

### تەمرەتكە

ئەي تەمرەتكىدىن ئويغا قالغان زات،
خەستە تەنگە ئىللەت قويغان بولسا ئات.
خەردەلۇ سىركىدىن ئاڭا سۈركىسەڭ،
سىھەتلىك باغىدىن تاپىسەن نىجات.

### قوتۇر

قوتۇر زەخمىتىدىن دىلىڭ بولسا تار،
ھامماما بېرىشىڭ لازىمدۇر تەكرار.
ساپلىق ماتاسىنى ئىزدە دائىما،
ئەمما قولۇڭنى ئۈز ئىشرەتتىن زىنھار.

### يەنە شۇ ھەقتە

قوتۇردىن ھەر كىشى بولسا دىلخەستە،
شاتەررە سۈيىدىن ئىچسۇن پەيۋەستە.
ماددىنى دەفئ قىلغاچ چاپلاشقا تاپسۇن،
كۈنجۈت يېغى، گۈڭگۈرت قوتۇر بىر پەستە.

---

① بوغۇملارنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشى.
② گېز ــ چاغ، ۋاقىت، مەزگىل.
③ تەنقىيە ــ بەدەننى ئارتۇقچە خىلىتتىن تازىلاش.
④ ئاۋقەت ــ تاماق، غىزا.

### ئەزالار قىچىشىش

قايسى ئەزا بولسۇن يۈز بەرسە قىچىشىش،
يېتەر ئاندىن ساڭا تىنىمسىز تەشۋىش.
ھەسەل، شاراپ، ھالۋا، پىستە مەغزىدەك،
سەپرا كەلگۈچىدىن كېرەكتۇر قېچىش.

### يەنە شۇ ھەقتە

قىچىشىشتىن قۇتۇلاي دېسەڭ جاھاندا،
ئەزا قىچىشسا گاھ ياكى ھەر ئاندا؛
پەيدىنپەي سۈرگى قىل، تىنىمسىز ھاممام،
شۇندىن سالامەتلىك بولۇر ئاماندا.

### كۆيدۈرگە (مىلكەك)

مىلكەك ئۈچۈن قىلاي قائىدە بايان،
داۋا ئۈچۈن بولسۇن ساڭا داستىخان.
قان ئالدۇر، سۈرگى ئىچ، سىركە ۋە ئەفيون،
چاپلىغىن پايدىسى بولۇر بىگۇمان.

### چىقان

غۇنچە يەڭلىغ ئاغزىنى ئاچمىسا چىقان،
يۈرىكىڭ تەڭلىكى بولمىسا فىنھان.
خەردەلۇ ئەنجۈرنىڭ ئۇرۇغىن باغلا،
تۇزاقتىن .قۇتۇلۇپ بولارسەن شادىمان.

### دانىخورەك (ھۆسنى بۇزار)

دانىخورەك كىمنىڭ يۈزىنى بۇزار،
خەستە دىلى كېسەل غېمىدىن تۇزار.
ئىچىنى تازا قىلىپ سىركە، سىيادان،
سۈركىسە ئىللەتنىڭ يىپىنى ئۈزەر.

### بەھەق

بەھەق بولساڭ سۈرگى ئىچكىن پەيدىنپەي،
تېزاپ سۈركە كېيىن، ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي.
كېسەل يوقىلىشقا قەدەم قويغاندا،
غەم بىساتى كېتىپ، ساقلىقىڭ كەلگەي.

### كۆپ تەرلەش

كۆپ تەرلەشتىن دائىم چەككۈچى ئەلەم،
يامان بولسا ھالىڭ ئاندىن دەممۇ دەم.
چىققان تەر ئەگەردە بەدبۇي بولمىسا،
غۇرا سۈيى، سەندەل سۈركە ئاشۇ دەم.

### قولتۇق ئاستىنىڭ بەدبۇي بولۇشى (سېسىق قولتۇق)

قولتۇق سېسىق بولسا سۈرگى ئىچ دەرھال،
ئالما بىلەن بېھى بەرگىدىن سۇ ئال.
تۇتىيا، مۇرتەككە قوشۇپ سۈركىگىن،
قۇتۇلۇپ يۈرىكىڭ بولىدۇ خۇشھال.

### ئوتتا كۆيۈش

ئوت بىلەن كۆيگەندە قول ياكى ئاياغ،
ياكى باشقا ئەزا كۆيۈپ قالغان چاغ؛
كافۇر ئېزىپ سىركە سېلىپ مۇز بىلەن
سوۋۇتۇپ سۈركىگىن ئاڭا بالدۇرراق.

### «دائۇسسەلەپ» ۋە «دائول ـ ھەييا» كېسەللىكى

«دائۇل ھەييا» قىلسا ھالىڭنى يامان،
ياكى «دائۇسسەلەپ» چاڭ سالغان زامان؛
دېڭىز پىيىزىدىن سۈركىسەڭ ئەگەر،
ساقلىقىڭ تېز كۈندە تاپىدۇ ئامان.

### چاچنىڭ بالدۇر ئاقىرىشى

ئەسلىنى ئۆزگەرتسە چاچ بىلەن ساقال،
داۋاغا يېتىشنى كىم قىلسا خىيال؛
ھۆللۇكتىن① ئۆزگىنى يېمىسە ئەسلا،
ساقىيىپ تېز كۈندە بولىدۇ خۇشال.

### چاچنىڭ بەك جىڭگىلەك بولۇشى

چاچ بەك جىڭگىلەك بولۇپ قالسا بەس،
كۆڭلىدە داۋاغا قوزغالسا ھەۋەس،

ئىسپەغول شىرنىسى، بادام يېغىنى .
چېچىغا سۈركىگىن، ئىشقاپ ھەر نەپەس،

## چاچ يېرىلىش

چاچلىرىڭ يېرىلسا، بولساڭ خەستە ھال،
سۆز ئېيتاي ئاڭلاشنى ئەيلىسەڭ خىيال.
سېمىز ئوت شىرنىسى ياخشى داۋادۇر،
مەستىكى بىلەن قوشۇپ سۈركىسەڭ دەرھال.

## زىيادە ئورۇقلاش

ھەددىدىن ئېشىپ تېنىڭ بولغاندا ئورۇق،
داۋا ئۈچۈن ساڭا بېرەي يولىيورۇق،
مەئشىيەتتە ئۆتسۇن ئۆمرۈڭ ئەمما،
ئارتۇق جىماغ قىلما، نەپسىڭنى يىغ، تۇت.

## زىيادە سېمىزلىك

زىيادە سېمىزلىكنىڭ بولسا ئىللىتى،
ئېيتقىنىنى قىلساڭ توگەر زەخمىتى.
مۇناسىپ ئەمەس بۇ دەرد ئۈچۈن مەئىشەت،
قەدەھ ئۈچۈن يازغىل «بىزارلىق خېتى».

## چايان چېقىش

چايان چېقىۋالسا، بولساڭ بىخەۋەر،
تېنىڭدىن پۈتۈنلەي ھالاۋەت كېتەر.
قەستىڭ ساقلىق بولسا.سامساق بىلەن تۇز،
سۈركىسەڭ مەقسىدىڭ قولۇڭغا تېگەر.

## چايان چاققاندا گەردىشە (چىگىدي) يېيىشنىڭ ھالاكەتلىكى ھەققىدە

ئەقلىڭ بولسا ئۆزنى يولغا سالارسەن،
كاتتامۇ - كىچىكمۇ سۆزۈم ئالارسەن.
چايان چاقسا قايسى رەڭدە بولمىسۇن،
گەرەپشىنى يېسەڭ ئۆلۈپ قالارسەن.

## ھەرە چېقىش

كىمنى چاقسا ھەرە، بولساڭ رەھنىما،
تۇزلىسۇن دېسەڭ گەر چاققان ھامانا.
ئىسپەغول بەر، يەنە ئىسكەنجۇبىل بەر،
سىركە قۇيقاسىدىن كۆيدۇرگىن ئەمما.

## غالجىر ئىت چىشلەش

غالجىر ئىت چىشلىسە بەدەننى بەك ئوي،
بۇ دەھشەتتىن باسار سېنى خىيال - ئوي.
سامساق ئەز، تەك كۆلى ھەمدە سىركىنى،
ئۆزئارا قوشقىن - دە، ئاشۇ جايغا قوي.

## زەھەرلەر داۋاسى

زەھەر ئىچىپ جېنىڭ بولغاندا بىھال،
غەم ئاستىدا تېنىڭ بولۇر پايمال.
قۇتقۇزۇشقا تېۋىپ ئۈچۈن كۇپايە،
مۇھەللىستىن ئەگەر بەرسەم بىر مىسقال.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاببار ئەمەت

① مۇللۇك — مۇل مىزاجغا ئىگە غىزا ۋە مېۋىلەر نەزەردە تۇتۇلغان.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى شېئىرىي پارچىلار ۋە 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ھەققىدە بىزگە ئاساسەن نەمۇنە قالمىغان. شۇ سەۋەبلىك 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە پىكىر قىلىشىمىز ناھايىتى كۆپ چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلدى.

تەلىيىمىزگە يارىشا «دىۋان» دا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى، ھاياتىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشىنى، قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق پائالىيەتلىرى، مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ۋە قەھرىمانلىققا بولغان سېغىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شېئىرىي پارچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 242 پارچە شېئىرىي ئۈرنەك كىرگۈزۈلگەن. بۇ شېئىرىي پارچىلار بىزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيەت باغچىسىدا ئېچىلغان ھەرخىل گۈللەردىن زوقلىنىشىمىزنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

1. «دىۋان» دىكى شېئىرلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

«دىۋان» دىكى شېئىرىي پارچىلار ئومۇمىي گەۋدىسى بويىچە ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، خەلق قوشاقلىرى؛ يەنە بىرى، يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى.

ھازىرغىچە «دىۋان» دىكى شېئىرىي پارچىلارنىڭ قايسىلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق، قايسىلىرى يازما ئەدەبىياتقا تەئەللۇق دېگەن نۇقتىدا چېگرا ئېنىق ئايرىلمىدى. يازما ئەدەبىياتقا دائىر خېلى كۆپ شېئىرلار خەلق قوشاقلىرى دەپ تەھلىل، تەتقىق قىلىنىدى. بۇ ئەلۋەتتە چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىلمىي مەسىلە.

«دىۋان»غا جەمئىي 242 پارچە شېئىرىي ئەدەبىي پارچە كىرگۈزۈلگەن[①] بولۇپ، بۇ ئەدەبىي پارچىلار مەزمۇن جەھەتتىن مۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1) داستانلاردىن پارچىلار

بىز «دىۋان»دىكى بەزى شېئىرىي پارچىلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ خەلق قوشاقلىرىدەك مۇستەقىل مەنە ۋە مەزمۇن ئاڭلىتىدىغان پارچىلار بولماستىن، مەلۇم داستانلاردىن ئۈزۈۋېلىنغان شېئىرىي پارچىلار ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. مەسىلەن:

① «دىۋان» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرىش سۆزىدىكى مەلۇمات ئاساس قىلىندى.

تالڭ ئاتقاندا ماڭايلى، باسمىل بېگىنى ئۆرتەيلى،
بۇدراچ قېنىنى ئىستەيلى، ھەممە يىگىت (لەر) توپلانسۇن②.

ناھايىتى روشەنكى، بۇ پارچە قەبىلىلەر ئارا، يەنى مۇسۇلمان بولغان قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرى بىلەن باسمىللاردىن بولغان بۆكە بۇدراچ بىلەن بولغان ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن بىر داستاندىن ئۈزۈۋېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، «دىۋان»غا يەنە تاڭغۇتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلار، تۈركەشلەر ۋە ياباقۇلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلار، دىنىي ئۇرۇشلار تەسۋىرلەنگەن داستانلاردىن ئېلىنغان پارچىلارمۇ كىرگۈزۈلگەن. بىز بۇ پارچىلارنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىسلامىيەت دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئاجايىپ رەڭگارەڭ ۋە چوڭ ھەجىملىك داستانلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش، ھەرخىل بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىختەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان قانلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تۆۋەندىكى شېئىرىي پارچىدىن مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بارغان قانلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق، بۇتخانىنى يىقتۇق،
كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق. بۇت ئۈستىگە چىچتۇق①.

يۇقىرىقى پارچىدىكى «كەلكۈندەك ئاقتۇق» دېگەن مىسرادىنلا بۇددىس ئۇيغۇرلارنى ئىسلاملاشتۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئەسكەر سانىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. گەرچە «دىۋان» غا دىنىي ئۇرۇشلارغا مۇناسىۋەتلىك شېئىرلاردىن ئانچە كۆپ كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى بىرقانچە كۇپلېت شېئىرنىڭ ئۆزىدىنلا ئەينى چاغدا دەھشەتلىك دىنىي ئۇرۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۇپلىگەن شېئىرلار، داستانلار بارلىققا كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. بۇ شېئىرلار تەلىيىمىزگە يارىشا مەھمۇد كاشغەرىي ۋاستىسى بىلەن دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

«دىۋان» دىكى پارچىلار ئىچىدە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى بەكرەك تارتىدىغىنى ياز بىلەن قىشنىڭ مۇنازىرىسى ئارقىلىق پەسىللەرنىڭ ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن لىرىك داستان پارچىسىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن «دىۋان» دىكى داستان پارچىلىرىنى ئېپىك داستانلاردىن پارچە ۋە لىرىك داستانلاردىن پارچە دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

2) تارىخىي قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىن پارچىلار

بۇلار شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە تارىخىي ئېپىك داستانلار بىلەن يېقىن تۇرىدۇ، بىراق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، دەۋرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ھايات ـ ماماتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئېپوسلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەنلىكى بىلەن داستانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا «دىۋان» دىكى

① «دىۋان» 3 ـ توم، 486 ـ بەت.
② «دىۋان» 1 - توم، 448 - بەت.

ئافراسىياب ــ ئالپ ئەرتۇڭغا ھەققىدىكى پارچىلارنى مىسال كەلتۈرىمىز. بىراق، بۇ ئېپوس مەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن ئىجادىي يوسۇندا ئۆزلەشتۈرۈپ يېزىلغانمۇ ياكى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ 11 ـ ئەسىرگىچە كەلگەنمۇ، دېگەن مەسىلىگە كېسىپ بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ھازىرغىچە تەتقىقاتچىلار ئافراسىياب ئېپوسىدىن ئېلىنغان پارچىلارنى مۇستەقىل مەرسىيەنامە دەپ چۈشەنچە بېرىپ كەلدى. مېنىڭچە، بۇ مەرسىيە مەزمۇنىدىكى پارچىلار مۇستەقىل شېئىرىي پارچە ياكى مەرسىيەنامىلەردىن ئۈزۈۋېلىنغان پارچە بولماستىن، بەلكى بىر پۈتۈن داستاننىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇشى مۇمكىن.

3) لىرىك شېئىر، قوشاقلار

«دىۋان» غا كىرگۈزۈلگەن شېئىرىي پارچىلار ئىچىدە يەنە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەمگەك ــ ئوۋچىلىق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرلار، باھار پەسلىگە بېغىشلانغان شېئىرلار، مۇھەببەت ھېسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرلار، ئېپتىدائىي ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنغا بېغىشلانغان شېئىرلار بار بولۇپ، ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى ۋە مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۇلارنى لىرىك شېئىرلار ۋە قوشاقلار دەپ قارايمىز.

4) بايرام ـ مۇراسىم شېئىرلىرى

«دىۋان» غا كىرگۈزۈلگەن شېئىرىي پارچىلار ئىچىدە يەنە ھەرخىل بايرام ـ مۇراسىملار ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان شېئىرلار مەلۇم سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇلارنى بايرام ـ مۇراسىم شېئىرلىرى دەپ قارىدۇق.

قەدىمكى دەۋرلەردە كىشىلەر ھەرخىل ئىپتىدائىي پائالىيەتلىرىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، كۆپ خىل شەكىل ۋە مەزمۇندىكى پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزەتتى، مول ھوسۇل تەنتەنىسى، قورۇلتاي مۇراسىملىرى، نەۋرۇز پائالىيەتلىرى، مەشرەپ پائالىيەتلىرى، بايرام مۇراسىملىرى قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى بېيىتاتتى. بۇنداق پائالىيەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بۇلىقى بولۇپ، رەڭگارەڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى قويۇق تۇرمۇش ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتەتتى.

5) مۇھەببەت، شېئىر ـ قوشاقلار

مۇھەببەت تېما قىلىنغان شېئىر ـ قوشاقلار «دىۋان» دىكى شېئىرىي پارچىلار ئىچىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

مۇھەببەت ئىنسانلارنىڭ مۇھىم مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇقەددەسلىكى بىلەن چىن ساداقەتنى، باتۇرلۇقنى، پاكلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئىنسانىي تۇيغۇنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ھەم ئىنتايىن قۇدرەتلىك، ھەم ئىنتايىن نازۇك. شۇڭا، ئۇ كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى سىنايدىغان مۇھىم بىر تارازا سۈپىتىدە رول ئويناپ، نۇرغۇن تراگېدىيە ۋە كومېدىيىلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولغانىدى. «دىۋان» غا كىرگۈزۈلگەن مۇھەببەت شېئىرلىرىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھەببەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەينەكتۇر.

6) دىداكتىك شېئىرىي پارچىلار

«دىۋان» غا تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يۇقىرى، مەزمۇنى چوڭقۇر ۋە ئىلغار، شەكلى ئىنتايىن نەپىس

بىر بۆلەك پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى شېئىرلارنىڭ پارچىلىرى كىرگۈزۈلگەن. خۇددى باشقا شېئىرىي پارچىلارغا ئوخشاشلا بۇ شېئىرلارنىڭ ئاپتورىمۇ نامەلۇم. بىز ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ شېئىرىمىكىن، دەپ قىياس قىلىمىز.

## 2. «دىۋان» دىكى شېئىرلارنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى

«دىۋان» دىكى ئەدەبىي پارچىلارنى دەۋرلەرگە بۆلۈش مەسىلىسى ئىنتايىن نازۇك مەسىلە. ھازىرغىچە بۇ ساھەگە ئاساسەن كۆڭۈل بۆلۈنمىدى. شۇڭا، بەزى شېئىرلارنى دەۋرلەرگە بۆلۈش ئىشىدا رېئالسىتىن چىقىپ كېتىش خاھىشىدىن ساقلانغىلى بولمىدى. بولۇپمۇ ئەمگەك ۋە ئوۋ قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە ئەسلىي ئوبيېكتقا ئۇيغۇن بولمىغان كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. مەسىلەن:

يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ،
مېڭىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۇرۇپ،
قۇلان، كىيىك ئۇۋلىتىپ،
بايرام قىلىپ ئاۋۇنايلى[1].

قارچىغا بېرىپ قوشلىتىپ،
تايغان سېلىپ چىشلىتىپ،
تۈلكە، توڭغۇزنى تاش بىلەن ئۇرۇپ،
پەزىلەت بىلەن پەخىرلىنەيلى[2].

يۇقىرىقى ئوۋچىلىق تۇرمۇشى ئىپادىلەنگەن شېئىرىي پارچىلارمۇ مەلۇم داستانلارنىڭ پارچىسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ قوشاق ئەمەس. ئۇلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئوۋچىلىق ھاياتىنىڭ بىر خاتىرىسى بولۇپ، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئوۋچىلىق پائالىيىتىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇشى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى. يۇقىرىقى پارچىدىكى «مېڭىلىك دەرەخلەرنى ئىرغىتىش»، «تۈلكە، توڭغۇزلارنى تاش بىلەن ئۇرۇش» دېگەن مىسرالارغا ئاساسەن ئۇلاردا ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق تۇرمۇشى ئىپادىلەنگەن دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولمايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر تاش قوراللار دەۋرىدىن بۇرۇنزا دەۋرىگىچە نەچچە مىڭ يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن. بەلكىم تاش قورال دەۋرىدىن مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىگىچە ئون مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر يۇقىرىقى شېئىرىي پارچىنى دەۋرىي جەھەتتىن ئىپتىدائىي تاش قورال دەۋرىنىڭ مەھسۇلى دېسەك، بۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ، شۇنداقلا ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگىمۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپىغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئىپادىلەش ۋە تىل ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرگە تەئەللۇق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئوۋدا قارچىغا، تايغان ئىشلىتىش ئىنسانلار ئوۋچىلىق تۇرمۇشى خېلى تەرەققىي قىلغان تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى. بەزى ئوۋچىلىق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرلاردا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئات بىلەن ئوۋ ئوۋلىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ:

---

① 1 ـ توم 348 ـ بەت
② 2 ـ توم 503 ـ بەت

توسۇن مىنىپ سەكرەتسۇن،
ئاساۋلىقنى تىنچىتسۇن،
ئىتقا ئۇۋنى قايتارتسۇن،
تۇتۇلدى دەپ ئومۇنايلى①.

كەينىدىن بېرىپ كۆپ ئالدىرىدىم،
جىق ئاۋارە بولۇپ، كۈچىنى ئازايتتىم،
ئېتىم بىلەن يېتىشىۋېلىشقا ئازلا قالدىم،
مېنى كۆرۈپ تۈكلىرى ھۈرپەيدى②.

ئىنسانلارنىڭ ئاتنى كۆندۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئوۋ قورالىغا ئايلاندۇرغانلىقى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىك دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، يۇقىرىقى شېئىرلاردا بۆرە ئوۋلىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۆرە ئوۋلاش ئۇيغۇرلاردا بۆرىنى توتېم قىلغان دەۋردىن تولىمۇ كېيىنكى دەۋرلەرگە خاس ئىش ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. بۆرىنى توتېم قىلغان دەۋرلەردە تۈركىي خەلقلەر ھەرگىزمۇ بۆرە ئوۋلىمايتتى.

«دىۋان» دىكى بەزى شېئىرلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىبەتلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش پائالىيەتلىرىنى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان:

تاڭغۇت قوشۇنىنى ئۇشتۇمتۇت تۇرغاندا باستى، ئەرلىرىنى، ئاتلىرىنى غەنىيمەت ئالدى،
ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى مەسخىرە قىلدى. (تاڭغۇتلار) ئەسىر بولۇپ بېشىنى ئەگدى③.

مەھمۇد كاشغەرىي بۇ شېئىرنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «چىنغا يېقىن بولغان تاڭغۇت ئېلىنىڭ قوشۇنىنى غەلىبە قىلالمىسۇن دەپ، قاتتىق سوغۇقتا ئۇلارغا كېچىسى ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ خوتۇن قىزلىرى مەسخىرە قىلىندى، ئۇلار ئات ـ ئەرلىرىنى بىزگە سوۋغا قىلدى، غەم ـ قايغۇغا پېتىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى».

تارىخىي پاكىتلارغا نەزەر سالغاندا، بۇ شېئىرمۇ بىر داستان پارچىسى بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيە 765 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تىبەتلەر ئارىسىدا بولغان بىر جەڭنى ئەسلىتىدۇ. مىلادىيە 765 ـ يىلى يۈز مىڭ كىشىلىك تىبەت ـ تاڭغۇت قوشۇنى تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلغان. شۇ چاغدا ئۇيغۇر خاقانى بۆكەخان قېرىندىشى ئالپ قۇتلۇق ياغلىقار تېكىن باشچىلىقىدا زور ئاتلىق قوشۇننى ئەۋەتىپ، تىبەت قوشۇنلىرىنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان. خەنزۇ ـ تىبەت يىلنامىلىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان تىبەتلەر گەنسۇدىكى لىڭئو دېگەن جايغا چېكىنگەن، شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى قاتتىق سوغۇققا قارىماي، لىڭئو دېگەن جايغا يېقىنلاپ كەلگەن. شۇ چاغدا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان، قاتتىق شىۋىرغان چىقىۋاتقان بولۇپ، تىبەت قوشۇنلىرى ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، تاڭ ئاتقۇچە تىبەت ئەسكەرلىرىدىن ئەللىك مىڭنى يوقىتىپ، ئەللىك مىڭنى ئەسىرگە ئالغان. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇيغۇرلار بىر مىليون تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ـ مالغا ئېرىشكەن ھەم خەلقئارا كارۋان يولىنىڭ راۋانلىقىنى كاپالەتلەندۈرگەن. ئەگەر يۇقىرىقى شېئىر شۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئۇنى 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بارلىققا كەلگەن داستاننىڭ پارچىسى دېيىشكە بولىدۇ.

«دىۋان» دىكى دىنىي ئۇرۇشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرىي پارچىلارغا كەلسەك، ئۇلار ئىسلام

① 3 ـ توم 583 ـ بەت
② 1 ـتوم 266 ـبەت
③ «دىۋان» 1 – توم، 448 – بەت.

دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان ۋە دۆلەت دىنى قىلىنىپ، خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان تارىخىي دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (955 ـ يىلى ۋاپات بولغان) قاراخانىيلار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ مۇسۇلمان بولغان خاقان. ئۇ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئىدىقۇت ۋە خوتەن بۇددىس ئۇيغۇرلىرىنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەربىي يۈرۈشلىرىدە ئاساسەن مەغلۇپ بولغان. بۇ ئىش سۇلايمانخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، قىسمەن ئورۇندالغان. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىككى ئوغلى بولغان، ئۇلارنىڭ بىرى مۇسا بۇغراخان (956 — 958 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)، يەنە بىرى سۇلايمان ئارسلانخان (958 — 970 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان). مۇسا بۇغراخان ئالدى بىلەن شەرق تەرەپكە يۈزلىنىپ، ھىجرىيە 350 (مىلادىيە 961) ـ يىلى ناھايىتى زور قوشۇن بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى ئىككى يول بىلەن يۈرۈش قىلغان. جەنۇبىي يولدىكى قوشۇنغا ئۇ ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، ناھايىتى تېزلىكتە ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ مۇھىم شەھەرلىرى بولغان ئاقسۇ، كۇچا، بۈگۈر، كورلا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، توقسۇن شەھىرىدىن ئۆتۈپ قاراغوجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان. يەنە بىر يولدىكى قوشۇنغا ئۇنىڭ ئىنىسى سۇلايمان ئارسلانخان ۋە سامانىيلار شاھزادىسى ئەبۇلفەتتاھ يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇلار بالاساغۇن شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، ئېلى دەريا ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى مىڭلاق (ھازىرقى غۇلجا) قا باستۇرۇپ كەلگەن ۋە ئۇ يەردىكى بۇددىس ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بەشبالىق رايونىغا ھۇجۇم قىلغان. ئىككى يۆنىلىش قوشۇن قارا قوچۇ — قاراخوجا شەھىرى بىلەن بەشبالىق شەھىرىنى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان، بۇ ئەلنىڭ مىڭ يىللىق بۇددا مەدەنىيىتىنى خاراب قىلىۋەتكەن، بۇتخانىلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، مىڭلىغان بۇددا راھىبى قىرغىن قىلىنغان. گەرچە بۇ ئۇرۇشتا ئىدىقۇت خانى تەسلىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇددىس ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە دىنىي ئېتىقادىغا بولغان ساداقىتى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئىسلام قوشۇنلىرىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن. بۇ ئۇرۇشتا ئەبۇلفەتتاھ شېھىت بولغان. شۇنىڭ بىلەن مۇسا بۇغراخان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە ئىدىقۇت خانلىقى قاراخانىيلارغا خىراجەت تۆلەيدىغان بولغان. ئىدىقۇت خانغا «ئارسلان تۇتۇق» دېگەن نام بېرىلگەن. بۇ ھال 10 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان. مۇسا بۇغراخان دەۋرىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئۆز دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش ھېسابىغا قاراخانىيلارغا بېقىنغان بولسىمۇ، لېكىن 961 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىدىقۇت زېمىنىدىكى ئايرىم ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەن. ئومۇميۈزلۈك ئىسلاملاشتۇرۇش ئىشى پەقەت 14 ـ ئەسىرگە كەلگەندە تۇغلۇق تېمۇر ئەۋلادلىرى دەۋرىدە ئەمەلگە ئاشقان.

مىلادىيە 961 ـ يىلى مۇسا بۇغراخان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن قايتىپ، يەركەن ۋە خوتەن قاتارلىق جايلارغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىغان. ئەمما، بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشتا مۇسا بۇغراخان مەغلۇپ بولغان. خوتەن بۇددىس ئۇيغۇرلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇش رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، قىرىق يىل، تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، يىگىرمە بىر يىل داۋام قىلغان. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇن ئادەم ئۆلگەن، نۇرغۇن مەدەنىيەت ئىزنالىرى ۋەيران بولغان.

دېمەك، ئەينى دەۋردە ئەنە شۇ ئۇرۇشلارغا بېغىشلانغان نۇرغۇن رىۋايەت، داستان ۋە شېئىرلار مەيدانغا كەلگەن. ئەمما، شۇنچە كۆپ ئەسەرنىڭ پەقەت «دىۋان» ۋە بەزى تارىخىي كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىنلا ۋاقىپ بولالىدۇق.

تۆۋەندىكى شېئىرلارنى ئەنە شۇ دەۋرنىڭ يالدامىسى دېيىشكە بولىدۇ:

بەلگە تاقاپ ئاتلارغا،
ئۇيغۇردىكى تاتلارغا،
ئوغرى ياۋۇز ئىتلارغا،
خۇددى قۇشلاردەك ئۇچتۇق①.

ئات قۇيرۇقىنى قاتتىق تۈگدۇق،
تەڭرىگە كۆپ ھەمدۇ - سانا ئېيتتۇق،
ئاتنى دۈۋەيتىپ تەگدۇق،
ئالداپ يەنە قاچتۇق②.

كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق،
كەنتلەر ئۈستىگە چىقتۇق،
بۇتخانىنى يىقىتتۇق،
بۇت ئۈستىگە چىچتۇق③.

يۇقىرىقى شېئىرلار ئەينى دەۋردىكى قاراخانىيلارنىڭ ئىسلاملاشتۇرۇش ئۇرۇشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، شۇ دەۋردىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى ۋە مەدەنىيەتنىڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزنى مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

«دىۋان» دىكى شېئىرىي پارچىلارنىڭ يەنە بىر قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ باسمىللار، يەمەكلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرىغا بېغىشلانغان.

1040 - يىلى قاراخانىيلار شەرقىي قاراخانىيلار ۋە غەربىي قاراخانىيلار دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ غەربىي ئىلىكخانلىرى مۇھەممەد بىلەن ئىبراھىم بۆرە تېگىننىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى چەكلەشكە قۇربىتى يەتمىدى. مانا مۇشۇنداق پەيتتە قاراخانىيلارنىڭ شەرقىي شىمالىي تېررىتورىيىسىگە تەۋە ئېرتىش ۋە بالقاش بويلىرىدا ياشايدىغان ياباقۇلار، باسمىللار، چۇمۇللار ۋە يەمەكلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈردى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ياباقۇلارنىڭ ئاقساقىلى بۆكەبۇدراچ نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى قەشقەرگە بويسۇنۇشتىن باش تارتقان. شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئارسلانخان بىگەچ ئارسلان تېگىن قوماندانلىقىدىكى قىرىق مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ باسمىللار، ياباقۇلار، چۇمۇللار ۋە يەمەكلەردىن تەشكىل تاپقان بۆكەبۇدراچ قوشۇنلىرىنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلغان. ئارسلان تېگىن بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىدە بۆكەبۇدراچنى مەغلۇپ قىلىپ ئۆلتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئىسيان باستۇرۇلغان.

مانا شۇ قېتىمقى ۋەقە توغرىسىدا كۆپلىگەن شېئىرلار بارلىققا كەلگەنلىكى مەلۇم. بىز ئۇلاردىن بىرقانچە كۇپلېت شېئىرىي پارچىنى مەھمۇد كاشغەرىي ۋاستىسى بىلەن «دىۋان» دىن كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق.

ئېرتىش بويىدىكى يەمەكلەر،
بىلەكلىرىنى تۈرمەكتە،
يۈرەكلىرىنى قىلىشىپ قاپتەك،
بىزگە قارشى كەلمەكتە④.

① 1 - توم 630 - بەت.
② 1 -توم 617 - بەت.
③ 1 - توم 448 - بەت.
④ 1 - توم 426 - بەت.

مەھمۇد كاشغەرىي يەمەكلەرنى قىپچاقلارنىڭ بىر ئايمىقى، دەيدۇ. شېئىردا بولسا: «ئۇلار بىلەكلىرىنى تۈرۈپ، قاتتىق غەزەپ بىلەن بىزنىڭ ئۈستىمىزگە بېسىپ كېلىشكە تەييارلىنىشىقا تەكىس ئەتتۈرۈلگەن.» دېيىلىدۇ.

بۇدراچ يەنە قوترىدى،
قوشۇننى يەنە قايرىدى،
باتۇرلىرىنى تاللىدى.
كەلمەك بولۇپ توپلىنىشىاتىدۇ[1].

بۇ شېئىردا مەغلۇپ بولغان بۆكەبۇدراچنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، يەنە كۈچ توپلاپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئەسلىدە ياباقۇلار قاراخانىيلارغا قارشى چىقماسلىق، ئۇلارغا بويسۇنۇش توغرىسىدا قەسەم ئىچىپ، پۇتوم تۈزۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما قەسەمنى بۇزۇپ، يەنە ئۇرۇشقا ئاتلانغان.

پۇتۇمنامە تۈزۈشىدۇ،
(ئەمدى) باسمىل، چومۇللار
يەنە قەسەم بېرىشىدۇ،
بىز بىلەن تىركىشمەكتە[2].
خاندىن ياردەم تىلىشىدۇ،

مەھمۇد كاشغەرىي شۇنداق قەيت قىلىدۇكى، ياباقۇلار جەڭدە قاغانغا قارشى چىقماسلىققا، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا قەسەم ئىچىپ پۇتۇمنامە تۈزۈلدى. خەلق قاغاندىن ياردەم سورىدى. باسمىللار بىلەن چومۇللار بىزگە قارشى توپلىنىۋىدى، قاغان قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكۈپ ئۆزلىرىنى ئەسىر ئالدى.

ئۇلاردىن باشقا يەنە بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىنىڭ غەلىبىلىك بولغانلىقىمۇ تەسۋىرلەنگەن:

قىزىل بايراق كۆتۈرۈلدى،
ئوغراقلار يېتىشىپ كېلىپ (قوشۇلدى)،
قارا چاڭ - توزان ئۆرلىدى.
ئۇرۇش قىلىپ شۇنىڭ بىلەن كېچىكتۇق[3].

بۇ شېئىردا، ياباقۇلارغا قارشى ئۇرۇشتا قاراخانىيلارنىڭ ھال رەڭ (قىزىل) بايرىقى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ئۇرۇش ئەۋجىگە چىققانلىقى، ئوغراقلارنىڭ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ ئۇرۇشقانلىقى بايان قىلىنغان.

قاراخانىيلارنىڭ بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىنىڭ مەقسىتى ئەلدە تىنچلىق تۇرغۇزۇش، ئۇلارنى قوزا بىلەن بۆرە بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچىدىغان تىنچ - خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش ئىدى. بۇ خىل ئارزۇ مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

ئاخماق ھوشىنى تاپسۇن،
توقلا، بۆرە قېتىلسۇن،
ئەلدە تۈزۈم يېتىلسۇن،
قايغۇ يەنە تۈگىسۇن[4].

---

① 1 - توم 196 - بەت.
② 1 - توم 599 - بەت.
③ 3 - توم 254 - بەت.
④ 1 - توم 144 - بەت.

يۇقىرىقى داستان پارچىلىرى ئەينى دەۋردىكى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ روشەن بەدىئىي كارتىنىسى بولۇپ، قەبىلىلەر ئارا بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت داۋاملاشقان ھەر خىل دىنىي ئۆرۈشلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان بىر بەدىئىي ئەينەك ھېسابلىنىدۇ.

«دىۋان» دا يەنە ئۇزاق قەدىمكى دەۋردىكى قەھرىمانلىق مەدھىيىلەنگەن ۋە شۇ دەۋرنىڭ يارقىن كارتىنىسى سىزىپ بېرىلگەن بىر بۆلەك شېئىرىي پارچىلار بار. ئۇ بولسىمۇ تارىخىي شەخس ئافراسىياب — ئالپ ئەرتۇڭا داستانىدىن ئارىيەلەردۇر.

تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئافراسىياب ياشىغان دەۋر ئاز دېگەندىمۇ مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدىن 18 ئەسىر بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى ھەم ئىرانلار بىلەن بولغان كۈرەشلىرى ئەپسانىۋى يۈكلىمىلەر بىلەن سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىلگەن. مەشھۇر ئىران شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى تۇران شاھى ئافراسىياب بىلەن ئىران شاھلىرى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئاجايىپ ۋەقەلەرنى «شاھنامە» داستانىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە بايان قىلغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئافراسىياب ھەققىدە بىر قىسىم رىۋايەتلەردىن باشقا مۇكەممەل مەلۇماتنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ئەگەر پارسلار كىتابقا پۈتۈپ قويمىغان بولسا، ئافراسىيابتەك بۇ ئۇلۇغ شەخسنىڭ ھاياتىدىن قانداقمۇ خەۋەردار بولالايتتۇق①» دەپ يازغان. بىراق، «دىۋان» دىكى ئافراسىيابقا بېغىشلانغان شېئىرىي پارچىلار ۋە رىۋايەتلەردىن شۇ دەۋردە ئافراسىياب ھەققىدە فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» دېگەن ئەسىرىدىكى مەلۇماتلاردىن بىلشقا خەلق ئارىسىدىمۇ خېلى كۆپ قىممەتلىك ئۇچۇرلارنىڭ ساقلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

«دىۋان» دىكى ئافراسىيابنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلانغان مەرسىيە خاراكتېرلىك شېئىرىي پارچىلارنىڭ قايسى دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىگە كەلسەك، بۇمۇ بىر چىگىش مەسىلە. ئۇ شېئىرلارنى بۇددا دىنى مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن دەيلى دېسەك، ئۇلاردىن بۇددا دىنىنىڭ ھېچقانداق ئىزناسىنى بايقىمايمىز؛ ئىسلامىيەتتىن كېيىن مەلۇم يازغۇچى تەرىپىدىن يېزىلغان دەپ قارىساق، ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىغا دائىر ھېچقانداق مەلۇمات يوق؛ ئۆز دەۋرىدىن تارتىپ، يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىردىن تاكى مىلادىيە 11 ـ ئەسىرگىچە خەلق ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن دەيلى دېسەك، ئۇلاردا شۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، دىنىي ئېتىقادىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بەلگە يوق، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ ئىپادىلەش شەكلى، تىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە قوچۇ شېئىرلىرى ۋە «دىۋان» دىكى باشقا شېئىرىي پارچىلار بىلەن خېلى كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە. ئافراسىيابقا بېغىشلانغان شېئىرىي پارچىلارنىڭ قاپىيىسى «AAAA»، «AAAB» شەكلىدە تۈزۈلگەن. 10 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن شېئىرلارنىڭمۇ قاپىيە شەكلى يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش. بىزنىڭ كۆزىتىشىمىزگە قارىغاندا، ئۇ شېئىرلار خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرىگە ئوخشىمايدۇ. گەرچە قەدىمكى خەلق قوشاقلىرىدىن دەۋرىمىزگە كۆپ ئۆرنەك يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئەنئەنە نۇقتىسىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىر ـ بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن

① «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 282 ـ بېيىتنىڭ مەزمۇنى.

پىكىر قىلىنغاندا، قەدىمكى زاماندا كىشىلەر شېئىرنى «قوشۇغ» دەپ ئاتىغان.

ئادەتتە ھازىرقى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، 1 ـ ، 2 ـ مىسراسى 3 ـ ، 4 ـ مىسراسىغا مەزمۇن جەھەتتىن باغلانمايدۇ ھەمدە ئالدىنقى ئىككى مىسرا كېيىنكى، مىسرانىڭ قاپىيە ئېھتىياجى ئۈچۈنلا توقۇلىدۇ. ئاسىي پىكىر بولسا 3 ـ ، 4 ـ مىسرادا ئىپادىلىنىدۇ. بەزى قوشاقلاردا تۆت مىسرا بىر گەۋدىلىشىدۇ، بىراق ئاساسىي پىكىر يەنىلا كېيىنكى ئىككى مىسراغا مەركەزلىشىدۇ.

«دىۋان» دىكى شېئىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، تۆت مىسرا پىكىر ئىزچىللىقى ۋە مەزمۇنىنىڭ مەنتىقىلىق باغلىنىشى جەھەتتىن ئۇيۇل تاشتەك بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. «دىۋان» دىكى ئافراسىيابقا بېغىشلانغان شېئىرلارنىلا ئەمەس، بەلكى باشقا شېئىرىي پارچىلاردىن بەزىسىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەمەس، بەلكى بەلكى يازما ئەدەبىياتنىڭ نەمۇنىلىرى دېگەن مۇۋاپىقتەك قىلىدۇ. بەلكى ئۇ نەمۇنىلەر ئىسلامىيەتتىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئاروز ۋەزنىلىك شېئىرلارنىڭ تەسىرى كىرىشتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يارقىن نامايەندىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

زامان پۈرسەت كۈتى،
ئوغرى (يوشۇرۇن) تۇزىقىنى قۇردى،
بەگلەر بەگىن ئازدۇردى،
قاچسا قانداق قوتۇلار[1].

زامان كۈنلىرى ئالدىراۋاتىدۇ،
ئىنساننىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىدۇ.
ئادەملەردىن دۇنيانى بوشىتىدۇ،
قاچسا يەنە ئارتىلىدۇ[2].

يۇقىرىقى شېئىرىي پارچىدا كىشىلىك ھاياتنىڭ مۇھىم قانۇنىيىتى ناھايىتى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئۆلۈمنىڭ تۇزىقى خۇددى ئوغرىنىڭ تۇزىقىدەك تۇيۇقسىز كېلىدۇ، قەرەلى توشقاندا ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئارا تۇرغىلى بولسۇن؟ ۋاقىت بارغانچە ئىنساننىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئادەملەرنى بۇ دۇنيادىن بوشىتىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، قاچسا يەنە تۇتۇلىدۇ، دېيىلگەن. كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ شېئىرلار 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك بىر پەللىسىدىن دېرەك بېرىپ تۇرۇپتۇ.

(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 81 ـ قورۇدا)



① 2 ـ توم 338 ـ بەت.
② 2 ـ توم 490 ـ بەت.



# «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە شەكلى توغرىسىدا

نىشىۋاكى تاكېئو [ياپونىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: بارىجان زەپەر

«قۇتادغۇ بىلىك» سىياسەت، دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات، ئېتىكا، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، ھەربىي ئىشلار، قانۇن، دىپلوماتىيە، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قاتارلىق نۇرغۇن ئىلىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا، ئۇ بىر ئەدەبىي ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر قامۇستۇر. شۇ سەۋەبتىن، كۆپلىگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بەدىئىيلىكىنى ۋە تىلىنى تەتقىق قىلىشتىن سىرت، يەنە ئۇنىڭ باشقا جەھەتلىرىنىمۇ تەتقىق قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە شەكلى ئۈستىدە پىكىر قىلىنىدى. ۋەھالەنكى، بەزى ئەسەرلەردە مۇئەللىپ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قۇرۇلما ۋە شەكىلنى قوللىنىپ «قۇتادغۇ بىلىك» نى يازغان، دېگەنگە قارىتا تولۇق چۈشەنچە بېرەلمىدى.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تەتقىق قىلىش مۇھىم، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ۋە شەكلىنى تەتقىق قىلىشمۇ مۇھىم. چۈنكى، ئەسەرنىڭ شەكلى بىلەن مەزمۇنى زىچ مۇناسىۋەتلىك.

مەن تۆۋەندە بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، بۇ ماقالەمدە: مۇئەللىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قۇرۇلما ۋە شەكىلنى قوللىنىپ «قۇتادغۇ بىلىك» نى يازغان؟ بۇ خىل قۇرۇلما ۋە شەكىل مۇئەللىپنىڭ خاس ئىجادىيىتىمۇ ياكى تەقلىد قىلغانمۇ؟ مۇئەللىپ تەقلىد قىلىش ئارقىلىق ئىلگىرىكى ئەسەرلەرنى ئەينەك قىلغانمۇ؟ ئىلگىرىكى شۇ ئەسەرلەر قايسىلار؟ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىدىكى ئورنى قانداق؟ ئۇنىڭ زامانداش ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئوخشاشلىقلىرى ۋە ئوخشاشمايدىغان جايلىرى قايسىلار؟ دېگەن نۇقتىلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلماقچىمەن.

مۇشۇ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلساقلا، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قۇرۇلما ۋە شەكىل جەھەتتىكى خاسلىقىنى پەرقلەندۈرەلەيمىز، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئوتتۇرا ئەسىردە مۇشۇنداق بۈيۈك بىر ئەسەرنى ياراتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمىز.

### 1. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە شەكلى

«قۇتادغۇ بىلىك» ئېپىك داستان بولۇپ، ھازىر قوللىنىۋاتقان نۇسخىسى 88 باپتىن تەركىب تاپقان.

1) 10 ـ بابتا مۇئەللىپ ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇسلۇبىنى ئەينەك قىلىپ، تەڭرى مەدھىيىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدھىيىسى، تۆت ساھابە مەدھىيىسى، بۇغراخان مەدھىيىسى، يەتتە يۇلتۇز، ئون ئىككى بۇرج، ئىنسان بالىسىنىڭ قەدرى بىلىم ۋە ئەقىل بىلەن بولىدىغانلىقى،

تىلىنىڭ بەزىلىتى ۋە قۇسۇرى، پايدىسى ۋە زىيىنى، كىتاب ئىگىسىنىڭ ئۆزرىسى، ياخشىلىق قىلىشنىڭ مەدھىيىسى ۋە پايدىسى، بىلىم ۋە ئىدراك - پاراسەتنىڭ بەزىلىتى، پايدىسى قاتارلىقلارنى سۆزلەيدۇ. 11 - بابتا مۇئەللىپ كىتابىنىڭ نامى، مەنىسى ۋە ئۆزىنىڭ قېرىلىقى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ.

12 — 88 - بابلار ئەسەرنىڭ ئاساسىي قىسىملىرى بولۇپ، تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن.

بىرىنچى قىسمى 12 — 23 - بابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قىسىمدا كۈنتۇغدى ئەلىگ بىلەن ئايتولدىنىڭ، ئايتولدى بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ سۆھبىتى بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى قىسمى 24 — 39 - بابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قىسىم ئۆگدۈلمىش بىلەن كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ سۆھبىتىدىن تەركىب تاپقان.

ئۈچىنچى قىسمى 40 — 66 - بابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قىسىم ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىشنىڭ سۆھبىتىدىن تەركىب تاپقان.

تۆتىنچى قىسمى 67 — 88 - بابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قىسىم كۈنتۇغدى ئەلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ، ئودغۇرمىش بىلەن كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ، ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىشنىڭ سۆھبىتىدىن تەركىب تاپقان.

مۇھاكىمە قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بىز بۇ ئەسەرنى تۆۋەندىكىدەك سەككىز قىسىمغا بۆلىمىز:

1. 12 — 20 - بابلار؛ 2. 21 — 23 - بابلار؛ 3. 24 — 39 - بابلار؛ 4. 40 — 45 - بابلار؛ 5. 46 — 66 - بابلار؛ 6. 67 — 73 - بابلار؛ 7. 74 — 81 - بابلار؛ 8. 82 — 85 - بابلار.

بايان ۋە دىئالوگلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆزدە تۇتۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۈچ ياكى تۆت قىسىمغا بۆلۈش بىرقەدەر مۇۋاپىق. لاڭ يىڭ خانىم «قۇتادغۇ بىلىك»نى باشلانمىسىدىكى 11 بابتىن باشقا، ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان، دەپ قارايدۇ.

ھەربىر بابنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

A. خاس بayandin تۈزۈلگىنى ئىككى باب؛
B. بايان ۋە دىئالوگدىن تۈزۈلگىنى 19 باب؛
C. دىئالوگ بىلەن بayandin تۈزۈلگىنى 11 باب؛
D. خاس دىئالوگدىن تۈزۈلگىنى 42 باب.

بۇ يەردە ئېيتىلغان بايان ھەرىكەت ۋە سورۇن - مەيداننى چۈشەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. A پەقەت ئىككىلا بابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 12 - بابتا دىئالوگ يوق بولۇپ، پادشاھ كۈنتۇغدى ئەلىگنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرىدۇ. 69 - بابتا ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىش ھوزۇرىغا كەلگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. بىز بۇ بابنى ئالدىنقى يېرىم باب ۋە كېيىنكى يېرىم باب دەپ بۆلسەكمۇ بولىدۇ.

21 - باب بايان بىلەن دىئالوگدىن تەركىب تاپقان. بۇ بابتا 120 بېيىت شېئىر بار. بۇنىڭ 1 - مىسراسى ھەرىكەتنى بايان قىلىش بىلەن باشلانغان بولۇپ، 6 - مىسرادا ئاياغلىشىدۇ. 7 - مىسرادا ئايتولدى بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ سۆھبىتى باشلانغان بولۇپ، تاكى مۇشۇ بابنىڭ ئاخىرقى مىسراسىغىچە داۋام قىلىدۇ.

18 - باب بايان بىلەن دىئالوگدىن تەركىب تاپقان. بۇ بابتا 163 بېيىت شېئىر بار. ئايتولدى بىلەن كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ سۆھبىتى 1 - مىسرادىن باشلىنىدۇ. ھەرىكەتنى بايان قىلغان 8 - قۇر بۇ بابنىڭ ئاخىرىغا قويۇلغان. B بىلەن C نىڭ ئوخشاشماسلىقىنى بايان بىلەن دىئالوگنىڭ تەرتىپى بەلگىلىگەن. شۇڭا، «بايان بىلەن دىئالوگ» تەقلىدىي شەكىلدە ئالماشتۇرۇلۇپ، قايتا - قايتا قوراشتۇرۇلغان. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بايان قىسمى 1 — 12 - بابلارنى، دىئالوگ قىسمى 13 - بابتىن ئەڭ ئاخىرقى بابقىچە بولغان قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ كۆپلىگەن بابلىرى دىئالوگدىن تەركىب تاپقان. مەسىلەن، 13 -، 20 -، 42 - بابلار ۋە باشقىلار. بۇ بابلار بىرقەدەر ئۇزۇن سەھىپىلەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ، مۇھىم ئاساسىي مەزمۇنلار سىڭدۇرۇلگەن.

شۇڭا، بىز «قۇتادغۇ بىلىك» نى دىئالوگ شەكىلدە تۈزۈلگەن ئېپىك شېئىرىي ئەسەر ياكى ئاساسەن دىئالوگدىن تۈزۈلگەن بىر داستان دېيەلەيمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھەممىلا مىسراسى دىئالوگدىن تۈزۈلگەن بولمىسىمۇ، ئەمما بايان تۈسىدىكى مىسرالار ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇ بايانلار پەقەتلا درامىنىڭ ئوينىلىشى ئۈچۈن پائالىيەت سەھنىسى بولۇپ بەرگەن. «قۇتادغۇ بىلىك» تە دىئالوگ باياندىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇنى «شېئىرىي دراما» دېسەك خاتالاشمايمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك» نى بىر دراما دېسەك، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھەربىر قىسمى ئادەت بويىچە درامىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەسەردىكى مەكتۇپ ئالماشتۇرۇش كۆرۈنۈشلىرى ھەقىقىي درامىدىكى پەردە - كۆرۈنۈشلەرنىڭ رولىنى ئوينىغان. بۇ مەكتۇپلار 23 - بابتىكى ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگكە ئەۋەتكەن خېتى، 39 - بابتىكى كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا ئەۋەتكەن خېتى، 44 - بابتىكى ئودغۇرمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگكە ئەۋەتكەن خېتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ مەكتۇپلار «دىئالوگ» مۇ ياكى «بايان» مۇ؟ بىز بۇ مەكتۇپلارنى دىئالوگ دېسەك مۇۋاپىق بولىدۇ. چۈنكى، ئايتولدى، كۈنتۇغدى ئەلىگ، ئودغۇرمىشلار خەتلىرىدە باشقىلار بىلەن سۆھبەت قىلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نى شېئىرىي دراما دېدۇق. ئەمما، ئۇ ئادەتتىكى درامىلاردىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى، تۆت پېرسوناژ دەسلەپتىلا مۇناسىپ ھالدا تەڭ مەيدانغا چىقىدۇ، شۇنداقلا بارلىق كۆرۈنۈشلەر ئىككى ئادەمنىڭ سۆھبىتىدىن تۈزۈلىدۇ. سۇژېت بىلەن پېرسوناژلارنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سەۋەبىدىن، «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئوخشاش دىئالوگلار تەكرارلانغان. مەسىلەن، كۈنتۇغدى ئەلىگ بىلەن ئايتولدىنىڭ سۆھبىتى، ئايتولدى بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ سۆھبىتى، ئۆگدۈلمىش بىلەن كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ سۆھبىتى، ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىشنىڭ سۆھبىتى قاتارلىقلار. بۇ ئەسەردە پېرسوناژلارنىڭ مەيدانغا چىقىش تەرتىپى مۇنداق: كۈنتۇغدى ئەلىگ، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىش. بۇ خىل شەكىل «ئۇلانما ھالدا مەيدانغا چىقىش» دېيىلىدۇ. شۇڭا، «قۇتادغۇ بىلىك» نى كەڭ مەنىدىكى شېئىرىي دراما دەپ ئاتىغىنىمىز، «دىئالوگ شەكلىدىكى داستان» دەپ ئاتىغىنىمىزدىنمۇ مۇۋاپىقراقتۇر.

## 2. ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇسلۇب جەھەتتە «قۇتادغۇ بىلىك» قەدىمكى پارسلارنىڭ تارىخىي داستانى

«شاھنامە» گە ئوخشاش ئەرەب - پارس شېئىرىيىتىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىلغان. «قۇتادغۇ بىلىك» مەزمۇن جەھەتتىن ئىبنى ئەل مۇقەففە (Ibn al - Muqqafa) نىڭ «ئەدەبۇل - كەبىر» (Adab al - Kabir) ۋە «ئەدەبۇس - سەغىر» (Adab as - Saghir) ناملىق ئەسەرلىرى، ئەل جەھىز (al - Jahiz) نىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرى، ئىبنى قۇتەيبە (Ibn Qutayba) نىڭ «كىتابۇس - سۇلتان» (Kitab al - Sultan) ناملىق ئەسىرى، ئىبنى ئەبد رەببىھ (Ibn Abd Rabbih) نىڭ «كىتابۇل ئىيقان» (Kitabal - Iyqan) ناملىق ئەسىرى، نىزامۇل مۇلك (Nizamal - Mulk) نىڭ «سىياسەتنامە» (Siyasatnama) ناملىق ئەسىرى، غەزالى (Ghzali) نىڭ «نەسىھەتۇل مۇلك» (Nasihat al - Mulk) ناملىق ئەسىرى قاتارلىقلارغا ئوخشاش «شاھلارنىڭ كاتتا تەزكىرىسى» گە مەنسۇپ ئەسەردۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇسلۇبى جەھەتتە «شاھنامە» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. تارىخىي داستان «شاھنامە» نى پارس شائىرى فىردەۋسى 10 - ئەسىردە يېزىپ تاماملىغان. بۇ ئەسەردە 50 پادىشاھنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان. «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «شاھنامە» نىڭ شېئىرىي ئۇسلۇبىدىن باشقا ھېچقانداق ئوخشاشلىقى يوق.

كۆپلىگەن ئەسەرلەر ئىچىدە «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن كەيكاۋۇس يازغان «پەندنامە» ئەڭ يېقىن كېلىدۇ. «پەندنامە» ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلگەن.

بىرىنچى قىسمى 1 — 10 - بابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قىسىمدا ئاللا، ئالەم، دىنىي مەجبۇرىيەتلەر، روھىي تاۋلىنىش قاتارلىقلار بايان قىلىنغان، شۇنداقلا، ھوقۇق، قېرىلىق بىلەن ياشلىق قاتارلىقلار توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىلگەن. بۇ بابلار «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئالدىنقى ئون بابىغا توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى قىسمى 10 — 35 - بابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قىسىمدا ئورۇش قىلىش، بايلىق توپلاش، نىكاھ، پەرزەنتلەر تەربىيىسى، دۈشمەندىن ھوشيار بولۇش، ئۆگىنىش ۋە قانۇننىڭ رولى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. بۇ قىسىم «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىككىنچى قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، «قۇتادغۇ بىلىك» تە غىزالىنىش، كەيپ قىلىش، شاھمات ئويناش، ئون بەش يوللۇق ئويۇن، ئوۋ ئوۋلاش، چەۋگان توپ ئويناش، مۇھەببەتلىشىش ۋە تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز - ئۆزىنى كونترول قىلىش تېمىلىرى يوق.

ئۈچىنچى قىسمى 32 — 44 - بابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قىسىم «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قىسىملىرىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ھەرقايسى بابلىرى قۇرۇلما جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. «پەندنامە» نىڭ ھەرقايسى بابلىرى ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە ۋەقەلەردىن تۈزۈلگەن. «قۇتادغۇ بىلىك» ئاددىي سۇژىتلىق بىر داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋەقەلىك يېزىلماستىن، ھېكمەتلىك سۆزلەر ئابستراكت ھالدا مۇھاكىمە قىلىنغان.

مەزمۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى ئەسەردە ئوخشاشمىغان يېزىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. «پەندنامە» نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان ۋەقەلىك توپلىمىدۇر.

ئىككى ئەسەردىكى ئەقلىيە سۆزلەرنىڭ شەكلى ئۆزئارا ئوخشاشمايدۇ. «پەندنامە» پادىشاھنىڭ شاھزادىگە يازغان توغرا نەسىھەتلىرىدۇر. ئۇ ئەرەب، پارس ئەنئەنىسىنىڭ «پادىشاھلارنىڭ كاتتا تەزكىرىسى» تىپىدىكى كلاسسىك شەكىلدىكى ئەسەر. بەزى پادىشاھلارنىڭ كاتتا تەزكىرىلىرى مەكتۇپ شەكلىدە يېزىلغان. مەسىلەن، تاھىر (Tahir) نىڭ خەت - چەكلىرى «پادىشاھلارنىڭ كاتتا

تەزكىرىسى» گە تەۋە ئەڭ دەسلەپكى ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ خوراسان، باغدادلارنىڭ ھۆكۈمرانى تاھىرىيلەر خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى دۇل يەمىنەن (Dhul – Yaminan) نىڭ ئوغلى ئابدۇللاغا يازغان مەكتۇپلىرىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھۆكۈمرانىنىڭ ئۆز ئىلاھىغا ئورۇنداپ بېرىدىغان مەجبۇرىيەتلىرى، كۈندىلىك ناماز، دىنىي ئەھكاملارغا بويسۇنۇش، شەخسىي ھەرىكەت ۋە ئاممىۋى سىياسەت جەھەتتىكى گۈزەل ئەخلاق، جىنايەتچىلەرنى جازالاش، ئاللاغا مەدھىيە ئېيتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئەينى چاغدىكى شاھزادىلار جەزمەن بىلىشكە تېگىشلىك ساۋاتلار ئىدى.

«پەندنامە» سۇبۇكتىگىن (Subuktigin) نىڭ مەھمۇد (Mahmud) قا يازغان نەسىھەتلىرى بولۇپ، پارس تىلىدا يېزىلغان «پادىشاھلارنىڭ كاتتا تەزكىرىسى» گە مەنسۇپ ئەڭ دەسلەپكى ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئەينى چاغدا سۇبۇكتىگىن غەزنەۋىيلەر دۆلىتىگە مەھمۇدنى شاھزادە قىلىپ تەيىنلىگەندە، مەھمۇد يەتتە ياشلاردا ئىدى. ئەنە شۇنداق پەيتتە، ئاتىسى سۇبۇكتىگىن «پەندنامە» نى يېزىپ، شاھزادىنىڭ دۆلەت خىزمەتلىرىنى باشقۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلغان.

بۇ مەكتۇپلارغا سېلىشتۇرغاندا «قۇتادغۇ بىلىك» روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە. «قۇتادغۇ بىلىك» ھۆكۈمرانلارغا بېغىشلانغان داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋەزىرلەرنىڭ پادىشاھقا دۆلەت باشقۇرۇش يوللىرىنى ئۆگەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ جەھەتتىن «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «پەندنامە» ئوخشاشمايدۇ. يەنە بىر كۆرۈنۈش ــــ ئايتولدى ۋەزىرنىڭ ئۆگدۈلمىشكە بەرگەن مەسلىھەتى يېزىلغان بابلار مەكتۇپ شەكلىدە يېزىلغان. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئەرەب، پارس ئەنئەنىسىدىكى «پادىشاھلارنىڭ كاتتا تەزكىرىسى» نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىمۇ قوللىنىلغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «پەندنامە» نىڭ مۇناسىۋىتى بارمۇ؟ يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، بۇ ئىككى ئەسەر قۇرۇلما جەھەتتە ئوخشاشلىققا ئىگە. بىز ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېپىپ چىقماقچى بولساقمۇ، لېكىن بەزى ئالىملار بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئىنكار قىلماقتا.

بىرىنچى، ئىككى مۇئەللىپنىڭ ياشىغان ماكانىنىڭ ئارىلىقى مەسىلىسى. كەيكاۋۇس كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تەبەرىستان (Tabaristan) غا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. گەرچە تەبەرىستان بىلەن قەشقەر ئەينى دەۋردە ئوخشاشلا ئىسلام مەدەنىيىتى مۇھىتىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، تەبەرىستان دېگەن بۇ مەملىكەت يۈسۈپ ياشىغان قەشقەردىن خېلىلا يىراق ئىدى.

ئىككىنچىسى، ئىككى مۇئەللىپنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى تاماملىغان ۋاقتى مەسىلىسى. «قۇتادغۇ بىلىك» 1069 ــ 1070 ـ يىللاردا تاماملانغان، «پەندنامە» بولسا 1082 ــ 1083 ـ يىللاردا تاماملانغان. ئەگەر بۇ ئىككى ۋاقىت توغرا بولسا، قايسى ئەسەرنىڭ ئاۋۋال، قايسى ئەسەرنىڭ كېيىن يېزىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايمىز. يېزىشنى باشلىغان ۋاقىتنى ھەرگىز توغرا دېيەلمەيمىز. شۇڭا، بىز بۇ ئەسەرلەرنى پەقەت زامانداش ئەسەرلەر دەپلا ئاتىيالايمىز.

ئۈچىنچى، تىل مەسىلىسى. «پەندنامە» پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇ پارس ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەسەردۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» بولسا، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان داستان. ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇرلار پارس تىلىنى ئۆگىنىشكە قىزىقاتتى. ۋەھالەنكى، پارسلار ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكە قىزىقمايتتى. شۇبھىسىزكى، كەيكاۋۇسنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئوقۇشى مۇمكىن ئەمەس.

بىز بۇ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئىككى ئەسەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلالايمىز. ئوخشىشىدىغان مۇشۇنداق ئەسەرلەر قانداق قىلىپ بىر ۋاقىتتا مەيدانغا

كەلگەن؟ بىزنىڭ كۆرسىتىدىغان ئاساسىمىز: مۇئەللىپ ئۆز ئەسەرلىرىنى يازغاندا ئىلگىرىكى ئەسەرلەرنى سېلىشتۇرما قىلغان.

تاھىرنىڭ مەكتۇپلىرى ۋە «پەندنامە» ئايرىم - ئايرىم ھالدا 9 - ۋە 10 - ئەسىردە تاماملانغان. يەنە بىر جەھەتتىن ئىبنى قۇتەيبە (828 — 889) ئۆزىنىڭ «ئۇيۇنول - ئەخبال» (uyunal - Akhbal) ناملىق ئەسىرىنى يازىدىغان چېغىدا نورغۇن ۋەقە، تەپسىلاتلارنى توپلىغان. بۇ بىر قامۇس تىپىدىكى كىتاب بولۇپ، جەڭ، ئېسىلزادىلەر، ئىلىم ئۆگىنىش، تەركىدۇنيالىق، كەسىپداشلىق، ئېھتىياج، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئاياللار قاتارلىق تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كېيىنكى دەۋرلەردىكى «پەندنامە» بىلەن «سىياسەتنامە» بۇ كىتابلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

پارس شائىرى سەئدى مەسنەۋى ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ، «گۈلىستان» داستانىنى يېزىپ تاماملىغان، بىر يىلدىن كېيىن ئۇ نەسرىي شەكىلدىكى «بوستان» نى تاماملىغان. بۇلارمۇ پەندى - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى شېئىرلاردۇر. شېئىرلارنىڭ ھەر بىر بابى ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە ۋەقەلىكلەردىن تۈزۈلگەن. ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى سەئدى ئاۋۋال نەزمىي شەكىلدە، ئاندىن نەسرىي شەكىلدە ھېكايىلەرنى تاماملىغان.

شۇنىڭغا ئوخشىغان ھالدا «پەندنامە» دىن ئىلگىرى ئوخشاش نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان ئەسەرلەر بولغان. كېيىن كەيكاۋۇس نەسرىي شەكىلدە يازغان، يۈسۈپ نەزمىي شەكىلدە يېزىپ چىققان. كەيكاۋۇس ئىلگىرىكى شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، سەئدىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» كە ئوخشىغان شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئەينەك قىلغىنىدەك، يۈسۈپمۇ ئالدىنقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەينەك قىلغان بولۇشى مۇمكىن. گەرچە يۈسۈپ ئىلگىرىكى ئەسەرلەرنى ئەينەك قىلغان بولسىمۇ، بىز «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر مۇھىم ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

### 3. مەدەنىيەت مەنبەسى بىردەكلىككە ئىگە قۇرۇلما ۋە ئۇسلۇب

«قۇتادغۇ بىلىك» شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ئەسەر. مەدەنىيەت مەنبەسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەرەب، پارس ئىسلام مەدەنىيىتى، بۇددا مەدەنىيىتى، شەرقنىڭ كۇڭزى تەلىماتى ۋە غەربنىڭ پەلسەپىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەدەنىيەتلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە «قۇتادغۇ بىلىك» كە سىڭگەن بولۇپ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى يەنىلا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاساسىنى ياراتقان. كۆپلىگەن ئالىملار بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىلا ئاندىن بۇ تەرەپنى ئېتىراپ قىلىشتى.

مەن بۇ مەدەنىيەت مەنبەلىرى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قۇرۇلمىسى بىردەكلىككە ئىگە دەپ قارايمەن. بۇنى مۇنداق كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| A. | ئىسلام دىنى | ئەرەب | «پادىشاھلارنىڭ كاتتا تەزكىرىسى» | نەسرىي |
| | | پارس | «شاھنامە» | نەزمىي |
| B . | كۇڭزى تەلىماتى | جۇڭگو | «مۇھاكىمە ۋە بايان» | دىئالوگ |
| C . | بۇددا دىنى | ھىندىستان | «بۇددا نوملىرى» | دىئالوگ |
| D. | پەلسەپە | گرېتسىيە | ئەپلاتوننىڭ ئەسەرلىرى | دىئالوگ |

«قۇتادغۇ بىلىك» دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە

ئۇچرىغان ھېچقانداق ئەسەرنى يېزىپ باقمىغانىدى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈزدى. بۇ بىر تۈركىي تىل — ئەرەب تىلى لۇغىتى بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن بىر دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆپلىگەن شېئىر - قوشاقلار ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر بۇ كاتتا لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن. بۇلار تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسىنى ئىپادىلىگەن ئەسەرلەردۇر. ئەمما، ئۇلار ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەمەس.

ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا چىققان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» تاسادىپىي مەيدانغا كەلگەن. ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئەسەرلەرنى تاپالمايمىز. مەدەنىيەت مەنبەسى ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى شارائىتىدا يۈسۈپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» نى يېزىپ چىققانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

مۇئەللىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» نى نېمە ئۈچۈن شېئىرىي شەكىلدە يازغان؟ چۈنكى، ئەينى دەۋردە «شاھنامە» پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا تارالغانىدى. يۈسۈپ بولسا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى تەربىيىلىنىشى — بەدىئىي ئىقتىدارىنى پارس ئەدەبىياتىغا تايىنىپ تىكلىگەنىدى.

مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىنى نېمە ئۈچۈن دىئالوگ ئۇسۇلىنى ياكى دراما ئۇسۇلىنى قوللىنىپ يازغان؟ بۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى شېئىرلىرىدىن بولغان «قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى» دىن بىلتىز تاپالايمىز. بۇ شېئىر «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزۈلگەن. ئەسلىدە بۇ داستان ياكى ئېپىك شېئىر بولسا كېرەك. ئەمما، «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا بىر قىسمىلا كىرگۈزۈلگەن. مۇشۇ شېئىردىن قارىغاندا، شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى شېئىر - قوشاقلىرىدا دىئالوگ شەكلى قوللىنىلغان.

تۇرپاندا ياشىغان ئۇيغۇلار «مايترى سىمىت» قاتارلىق بۇددا دىنى تۈسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. بۇ دىئالوگدىن تۈزۈلگەن بىر شېئىرىي دراما.

«قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى» ۋە «مايترى سىمىت» لار ئارقىلىق بىز ئۇيغۇرلارنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تەك بىر كاتتا ئەسەرگە ئىگە بولۇشىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمىز.

ئەپلاتوننىڭ ئەسەرلىرى دىئالوگدىن تۈزۈلگەن. شۇڭا، شەكسىزكى، يۈسۈپ دىئالوگ ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئەمما، بۇ يۈسۈپ ساپلا ئەپلاتوننىڭ ياكى گرېكلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۈرنەك قىلغان، دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ پەلسەپە قارىشى ۋە سىياسىي ئىدىيىسىنى چۈشەندۈرگەندە، تۆت پېرسوناژلىق دىئالوگنى قوللىنىپ، ئىككى كىشىلىك دىئالوگقا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

ئىلگىرى مەكتۇپ شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەر بولغانىكەن. ئۇنداقتا، ئىلگىرى دىئالوگدىن تۈزۈلگەن ئەسەرلەر بولغانمۇ؟ مېنىڭ بىلىشىمچە، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىدا دىئالوگ ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر بولغان ئەمەس. شەك - شۈبھىسىزكى، «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت دىئالوگلۇق شېئىرىي ئەسەر ياكى شېئىرىي دراما يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇستەقىل ئىجادىيىتىدۇر.

(خەنزۇچە «غەربىي دىيار تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 1 - سانىدىن)

(تەرجىمە قىلغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا مۇھەررىر)

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەمەلدارلار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ساپا، پەزىلەتلىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرى

ئەنۋەر ھوشۇر

«قۇتادغۇ بىلىك، يېڭىدىن ئايىغى چىقىپ تايتاڭلاپ مېڭىۋاتقان بىر مەدەنىيەتنىڭ ئەمەس، بەلكى قەدىمىي ۋە يۈكسەك بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى»؛ «ئۇ ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنى بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن بىر ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نەمۇنىسىدۇر. ئۇنىڭدا لىرىكا ئامىللىرى بىلەن ئېپىك بايان، دراملىق ئېپىزوتلار بىلەن تەبىئەت تەسۋىرى، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر بىلەن شەخس خاراكتېرى، پەلسەپىۋى تەپەككۇر بىلەن مەجاز ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغان»؛ «شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ھەم تارىخ، ھەم پەلسەپە، ھەم سىياسەتنامە ياكى دۆلەتشۇناسلىق، ھەم ئىجتىمائىي تەلىم – تەربىيە ۋە ئۇزاق ئۆتمۈش ھاياتى بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى رېئال ھاياتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىلمىي ئەسەر»①. ئاپتورنىڭ ئەسەرنى يېزىش مۇددىئاسى، بەدىئىي مەقسىتىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئەسەر يېزىلغان سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ مۇكەممەل ھاكىمىيەت باشقۇرۇش دەستۇرى. «شۇڭا بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىقتا ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غايەت زور ئۇلۇغلۇقى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن بۇ ئەللەرنىڭ ھاكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەم بەرگەن: چىنلىقلار ‹ئەدەبۇل ـ مۇلۇك› (شاھلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى) دەپ ئاتىسا، ماچىن مۇلكىنىڭ ھاكىملىرى ‹ئايىنۇل مەملىكە›(مەملىكەتنىڭ دەستۇرى)؛ مەشرىقلىقلەر ‹زىننەتۇل ـ ئۇمەرا› (ئەمىرلەر زىننىتى)، ئىرانلىقلار ‹شاھنامەئى تۈركىي› دەپ ئات قويغان»②. بۇغراخان ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايماننىڭ كىتاب ئۈچۈن ئالىمغا «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋان — مەرتىۋىسىنى بەرگەنلىكىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش، ئەلنى ئىدارە قىلىشتىكى دەستۇرلۇق شۆھرىتىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم پاكىتتۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بۇنچىۋالا شۆھرەت قازىنىشى سەۋەبسىز ئەمەس. ئۇنىڭدا ئەلنى باشقۇرۇش ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلۇپ، شۇ دەۋردىكى ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئىلغار ئۇسۇللىرى مۇئەييەن نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىكتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش «قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش»، «ئەخلاق ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش»، «ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش» ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغان بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزدا مۇھىم ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدە نۇقتىلىق ھالدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش، ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولغان ئەمەلدارلار ۋە

①② «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، كىرىش سۆز.

خىزمەتچىلەرنىڭ ساپا ـ پەزىلەتلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەمەلدارلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئومۇمىي ۋە ئايرىم ساپا، پەزىلەتلەر ھەققىدىكى يەكۈنلىرى ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ سىمۋولى بولغان كۈنتۇغدى ئوبرازىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، داستاننىڭ 12 ـ بابى، يەنى «سۆز بېشى — كۈنتۇغدى ئىلىك ھەققىدە» ناملىق بابىدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭدىكى مەۋجۇت ساپا، پەزىلەتلەر ۋەقەلىك تەرەققىياتى جەريانىدا بەخت – سائادەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئايتولدى (ۋەزىر)، ئەقىل – پاراسەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئۆگدۈلمىش (ۋەزىرنىڭ ئوغلى)، قانائەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئودغۇرمىش (زاھىت) قاتارلىق ئۈچ پېرسوناژنىڭ پەزىلەتلىرى بىلەن تولۇقلىنىپ، ئوبرازلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈلگەن تۆت شۆھرەتلىك خۇسۇسىيەت ئەلنى باشقۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئېسىل خىسلەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، ھاكىمىيەتنىڭ ئىجراچىلىرى بولغان ئەمەلدارلار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ساپا، پەزىلەتلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئومۇمىيلىق، كونكرېتلىق ۋە ئايرىملىق نۇقتىسىدىن تەپسىلىي شەرھلەيدۇ.

**بىرىنچى، ئومۇمىي ساپا، پەزىلەتلەر**

1) ئادىل، ھەققانىي بولۇش، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش، قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداش، ئەلگە ئوخشاش كۆزدە قاراش

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئادالەت ھەممىدىن ئاۋۋال بەگنىڭ (خاننىڭ) سىيماسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇڭا، ئۇ بەگنىڭ ئادىل بولۇشىنى، ئادالەتلىك قانۇن يۈرگۈزۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ بۇ خىل ئىدىيىسىنى داستاننىڭ 12 ـ ۋە 29 ـ بابلىرىدا نۇقتىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ ئاساسىغا ئۇل سالىدۇ.

817. كىرەك ئوغلۇم ئۇلسۇن، يىقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى بىرەر قونىقىم.

818. ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

819. بۇ بەگلىك ئاساسى ئاسالەت ئېرۇر،
ئادىل ئۇلسا بەگلەر تىرىكلىك بولۇر.

820. ئادالەت ئۈستىدە بۇ بەگلىك ئۇلى،
بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت يولى.

822. ھۆكۈم قىلسا ئەلگە ئادىل بىرلە بەگ،
تىلەك ئارزۇسىغا بولۇر يەتكىلى.

1456. يامان تۇزمە قانۇننى بەك ياخشى تۇز،
كۈنۈڭ ياخشى بولغاي ھەم بەختىڭمۇ ئۇز.

2015. ئىككى نەرسە ئەلگە باغ، ئاچقۇچ ئۆزى،
ھوشيارلىق ۋە قانۇن — ئەلنىڭ يىلتىزى.

2032. زۇلۇم — ئوت، يېقىنلاشسا، ئۇ كۆيدۈرەر،
قانۇن — سۇ، ئۇ ئاقسا، نېمەتلەر ئۈنەر.

2033. بولاي دېسەڭ ئەلگە ئۇزۇن ھۆكۈمران،
قانۇن تۇز، يۇرت، خەلقنى ئاسرا ھامان.

2034. ئەل ئارتار قانۇن بىرلە، تۇزۇلۇر جاھان،
زۇلۇم بىرلە كېمىيىپ ئەل، بۇزۇلۇر جاھان.

شائىر كۈنتۇغدى بىلەن ئايتولدىنىڭ ئېغىزىدىن بېرىلگەن يۇقىرىقى بايانلاردا ئەلنى ئىدارە قىلىشتا بىر تەرەپتىن قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇندىن ئىبارەت بۇ ئەلۋەك سۇ بىلەن خەلقنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىنى گۈلدەك ئېچىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بەگلەردىن خەلققە زۇلۇم قىلماسلىقنى، قانۇننى ھەرقايسى تەبىقىلەرگە ئوخشاش تەتبىقلاپ، قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئۇنىڭ نوپۇزىنى قوغداشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ ھەمدە «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن بۈيۈك قارىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەمەلدارلارنى قانۇن بويىچە ئىش قىلىشقا، خەلققە مېھرىبان بولۇشقا چاقىرىدۇ.

2) بىلىملىك بولۇش

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئەمەلدارلار ۋە خىزمەتچىلەر ھەممىدىن ئاۋۋال باشقىلارنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بىلىملىك كىشىلەر ھاكىمىيەت باشقۇرسا، دۆلەت روناق تاپىدۇ، گۈللىنىدۇ. ئەكسىچە، بىلىمسىز ـ نادان كىشىلەر ھاكىمىيەت تۇتسا، دۆلەت مۇنقەرز، خەلق خانىۋەيران بولىدۇ. بىلىم — قانۇننىڭ ئىشقا ئېشىشى، ئەخلاقنىڭ ھۆرمەتكە ئېرىشىشىدىكى ئاساس. ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى بىلىمدە، ھاياتلىقتىكى ھەممە مۇۋەپپەقىيەت بىلىمدىن كېلىدۇ. بىلىم بىلەن ئىنسان ئاسمانغا يول ئالالايدۇ. جاھان تۇتقۇچى ئەر پاراسەتلىك بولسا يىقىلمايدۇ، بىلىملىك بولسا مۇستەھكەم بولىدۇ. بۇ ئىككى ئامىل ئىنساننى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، ئەۋلادىڭغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ دۇنيا قالدۇرغاندىن بىلىم قالدۇرغىنىڭ ئەلا. شائىرنىڭ ئىلىمنىڭ قۇدرىتى ۋە بىلىم ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى قاراشلىرى 6 ـ بابتا، يەنى «ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتى بىلەن ئەقلىنىڭ پەزىلەت ۋە پايدىلىرى بايانىدا» ناملىق بابىدا مەركەزلىك ئىپادىلەنگەندىن سىرت، يەنە پۈتكۈل ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى ۋە مەزمۇنىغا ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرۈۋېتىلگەن.

150. بىلىم بەردى ئىنسان زورايدى بۇ كۈن،
ئەقىل بەردى، شۇڭا يېشىلدى تۈگۈن.

152. بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئۇقۇشنى ئۇلۇق،
بۇ ئىككى يۈكلىكتۇر قۇلنىمۇ تولۇق.

154. ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

155. ئەقىللىق ئۇقار ئۇل، بىلىملىك بىلۇر.
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.

160. كىشىگە ئېرۇر كۆپ ئەقىل پايدىسى،
بىلىم بىلسە ئىنسان ئەزىز بولغۇسى.

3) ئەخلاقلىق بولۇش

«قۇتادغۇ بىلىك» نى تەشكىل قىلغۇچى مول مەزمۇنلار ئىچىدە ئەخلاق ھەققىدىكى مۇھاكىمە ـ بايانلارمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي ئادەم بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭدا بىلىم، ئەقىل بولغاندىن سىرت، ئەخلاق (پەزىلەت) مۇ بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى، بىلىم ۋە ئەقىل ئەخلاقنىڭ ئاساسى. مۇشۇ ئۈچ تەرەپنى بىرلەشتۈرەلىگەن ئادەملا ھەقىقىي ئادەم

ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلدارلار خەلقنىڭ سەركىلىرى. شۇڭا، ئۇلار ئادەتتىكى پۇقرالارغا قارىغاندا، ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتە ئۆلگە بولۇشى لازىم. ئەخلاق جەمئىيەتنىڭ ئىچكى بۆلەكلىرىنى تۇتاشتۇرغۇچى رىشتە. ئەمەلدارلارنىڭ ئەخلاقى پۈتكۈل جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ ئاساسى. شائىرنىڭ ئەخلاق ھەققىدىكى قاراشلىرى داستاننىڭ 7 ـ، 9 ـ، 47 ـ، 63 ـ، 64 ـ، 65 ـ، 66 ـ، 77 ـ بابلىرىدا نۇقتىلىق بايان قىلىنغان ھەمدە بارلىق مەزمۇنلارغا ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرۈۋېتىلگەن.

1661. قىلىقى ياخشىلارنى پۈتۈن خەلق سۆيەر،
خۇيى ـ پەيلى دۇرۇسلار تۆرگە چىقار.

1662. ناچار ئىشتىن تۇسار ئۇيات ھەر مەھەل ،
ئۇياتسىزلىق ئەرگە تېگى يوق كېسەل.

1664. دۇرۇسلۇق، ئۇيات ھەم بۇ ياخشى قىلىق،
بىرىكسە بۇ ئۈچى بولۇر خۇشچىلىق.

ئىككىنچى، كونكرېت ساپا، تەلەپلەر

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ خاس بايانلىرىدا ئەمەلدارلار ۋە خىزمەتچىلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئومۇمىي ساپا، پەزىلەتلەر ھەققىدە توختالغاندىن سىرت، يەنە كونكرېت تەلەپلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلار:

1) خانغا خىزمەت قىلىش ئېلىملىك كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى

ئالىمنىڭ قارىشىچە خانغا خىزمەت قىلىش ئەلگە خىزمەت قىلغانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشى ئۇدغۇرمىشنىڭ «ئەلگە خىزمەت قىلىشمۇ ئىبادەت جۈملىسىدىندۇر» دېگەن يەكۈنى ئارقىلىق ئىخچام يورۇتۇپ بېرىلگەن.

590. ئېتىم — قۇل، تابۇغچى، ماكانىم قوۋۇق،
ئادىتىم ئىشلەشتۇر، خۇيۇم — توغرىلىق.

591. ساڭا كەلدىم ئۆزۈم ئۆزۈن يول بېسىپ،
مۇرادىمغا يەتتىم بۇ كۈن مەن قېنىپ.

612. خىزمەت قىل، خىزمەت بىلە قۇل بەگ بولۇر،
كىم ئەمگەك سىڭدۈرمەي تىلەككە يېتۇر؟

2) قېتىرقىنىپ ئىشلەش، خىزمەتتە يېڭىلىق يارىتىش، يالغانچىلىق، كۆز بويامچىلىق قىلماسلىق

607 چۈشۈپ ئىشقا ئايتولدى شۇندىن بۇيان،
سەھەر تۇردى، قايماي ئىشىدىن ھامان.

608 قوۋۇقچى، كۆزەتچى بىلەن كۈن ۋە تۈن
بولۇپ قىلدى خىزمەت ئۇ سادىق پۈتۈن.

610 ئۇ خىزمەت ئاشۇردى كۈنىدە يېڭى،
ئېلىگمۇ قەدىرلەپ تۇردى ھەم تېگى.

614 تىگىمىسىز خىزمەت بىرلە تۆرگە چىقۇر،
يارامسىزنە قىلسا ئىشىكتە قالۇر.

615 خىزمەتنى قايماستىن راست ئىشلەش كېرەك،
قوبۇل بولسا خىزمەت تىلەككە يېتەر.

3) دۇرۇس، ئادىل بولۇش، ئادالەت بىلەن ئىش قىلىش

806 نېمىكى تۈز بولسا، پۈتۈن ئۆز بولۇر،
نېمىكى ئۆز بولسا، دېمەك تۈز بولۇر.

808 مېنىڭ ھەم قىلىقىم ئېگىلمەس ئېرۇر،
ئېگىلسە دۇرۇسلۇق، قىيامەت بولۇر.

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەر ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قول دەپ ھېچ كىشىن.

2114 بېگى ياخشى بولسا، دۇرۇس ھەرىكىتى،
تېخىمۇ قىلۇر ياخشى ھەرىكەت قۇلى.

4) قول ئاستىدىكىلەرگە ئىشىنىش، ھۆرمەتلەش، ئېھسان ـ مەرھەمەت كۆرسىتىش، ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى جارى قىلدۇرۇش

762. ئاتا ئېيتتى ھەممە سۆزنى ئېلىك،
ئۇنىڭدىن سورىدى ئەقىل ھەم بىلىك.

763. بۇ ئايتولدى بۇ قەدىر ـ ھۆرمەتنى كۆرۈپ،
خىزمەت قىلدى ئۇ چىن كۆيۈمچان بولۇپ.

1602. ئۇلۇغۋار بېگىمسەن، مەن خىزمەتچى قۇل،
ئۇلۇغ بەگ قەدىرلەر خىزمەتچىنى ئۇل.

2133. بىرى، خەلققە بەرمەك قانۇندىن ئۇلۇش،
بىرى، خىزمەت ئەتكەنگە بەرمەك كۈمۈش.

2134. قانۇن بىرلە خەلقى سۆيۈنسە تۇرۇپ،
كۈمۈش بولسا خىزمەتچى كۈلەر كۆرۈپ.

2135. شۇ ئىككىسى بەگدىن خوش ئۇلغان زامان،
ئەل رەتكە چۈشۈپ، بەگ ئاۋۇنۇر شۇئان.

5) ياخشىلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇش، يارامىلىق ـ يارامسىزنى پەرقلەندۈرۈش

1455. ئەزىزلەپ ياخشىنى كۆتۈر يۇقىرى،
يامانغا بەرمە ئىش، قىل ئەلدىن نېرى.

1759. ئايا بەگ ئىشىڭنى ئىش بىلگەنگە بەر.
يارامىلىق، دۇرۇس، تۈز، يۈرەكلىككە بەر.

1760. قايۇ بەگ يارامسىزغا بەرسە ئىشى،
يارامسىز ئۆزى ئۇ، نە باشقا كىشى.

2236 كۆزى توق، سەگەك، ساق ھەم ئىش بىلگۈچى،
يارامىلىق، يارامسىزنى پەرق ئەتكۈچى.

2259 ئەگەر بەگ يامانىنى يېقىن يولىتۇر،
ئېتى ھەممە دۆلەت ئىشى بۇزۇلۇر.

6) خەلققە ياخشىلىق قىلىش، سېخىي بولۇش

2124. خەلق باشچىسى بەگكە ھىممەت كېرەك،
شۇ ھىممەت بىلەن تەڭ مۇرۇۋۋەت كېرەك.

1367. بالا ـ زورلۇق ۋاقتىدا قىل ياخشىلىق،
تىلىڭ ھەم قولۇڭدىن سۆيۈنسۇن خەلق.

1368. ئىسەنلىك چېغىڭدا ياخشىلىق ئاشۇر،
تاۋار ـ مال بارىدا ئۆلەشتۇر، يېدۇر.

2160. خەلققە دىلىڭدىن بول سەن كۆيۈمچان،
بول ياخشى ھەم ئىستە ياخشىلىق ھامان.

2161. زىيان قىلما خەلققە، يەتكۈز مەنپەئەت،

بولۇپ خوب، يامانىنىڭ زىيانىنى يوق ئەت.

1402. بېخىل بولما ئىلىك، سېخىي بول سېخىي،
قالۇر مەڭگۈ ئۆچمەس سېخىيلىق ئېتى.

2050. سېخىي بولسا بەگلەر ئېتى تارىلۇر.
ئېتى ۋە شۆھرىتىلە جاھان قوغدىلۇر.

7) ئەتراپىتىكىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش، ئۆزۈمچىلىك قىلماسلىق، كۆپ دوست تۇتۇش

1697. ئاداش ـ دوست ۋە قولداش تېپىپ تۇتتى كۆپ،
ئاداش ۋە قولداش ئارقا تايانچ، ئەرگە خوب.

1698. ئاداش ـ قولدىشى كىمنىڭ تولادۇر،
ئۇنىڭ ئارقا يۆلەگى چىڭ قىيادۇر.

8) پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش، نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىق

2441. كۆزى توق، ھايالىق، نازۇكلۇق كېرەك،
تۈمەن خىل بىلىم ۋە زېرەكلىك كېرەك.

2442. كۆزى توق كىشى ئىشتا ئالماس پارا،
بولۇر كۆلكىلىك ھاجىپ ئالسا پارا.

2443. ئوغۇشلۇق ھەر ئىشنى بۇزار بۇ پارا،
پىششىق ئاشنىمۇ نان قىلار بۇ پارا.

1987. ئەگەر بولمىسا بەگ تەقۋادار سۆزلۈك،
ئېرىغسىز بولۇر ھەممە قىلىق ئۆزلۈك.

9) سۆزىدە تۇرۇش، مۇلايىم، كەمتەر بولۇش

2013. سۆزىدە تۇرماس بەككە قويما ئۈمىد،
ھاياتىڭ كېتەر بوش، قىلۇر نا ئۈمىد.

2118. يوغانلىق قىلىپ بەگ، چوڭ تۇتسا كۆڭۈل،
مۇقەررەر كۆرۈر ئۇ خارلىق، ئەي ئوغۇل.

2119. تەكەببۇرلۇقلە كۆككە چىقماس كىشى،
كىچىك دىل بولۇشلە بۇزۇلماس ئىشى.

2120. كىبىرلىك بى پايدا، كۆڭۈل توڭلىتۇر،
كىشىنى كىچىك دىللىق ئۇستۇنلىتۇر.

10) يالغانچىلىق، كۆز بويامچىلىق قىلماسلىق، پىتنە ـ پاسات بىلەن شۇغۇللانماسلىق، ئويۇنغا، ھاراق ـ شارابقا بېرىلمەسلىك

749. مانا مەنمۇ دۆلەت، پەزلىم، قۇسۇرۇم،
كېسەلىم، داۋايىمنى ئېيتتىم ئۆزۈم.

750. ئوچۇق ئېيتتىم سۆزۈم، ماڭا ئەمدى پۇت،
قاچۇرساڭ قاچۇر، گەر تۇتاي دېسەڭ تۇت.

2091. پاساتچى بولمىغاي بەگ، يەنە مەي ئىچەر،
بۇ ئىككى قىلىقتىن قاچار بەخت، كېتەر.

2092. شارابقا ئۆگەنسە جاھان خانلىرى،
چېكەر كۆپ زىياننى ئېلى ـ خەلقلىرى،

2099. مەست ئۇلسا كىشى تەلۋە، ئاڭسىز بولۇر،
ئىشى تەلۋىنىڭ، كۆر، قاچان تۈز بولۇر.

2105. ئېرىغدۇر بۇ بەخت، ئۇ ئېرىغلىق تىلەر،
سۆزۈكتۇر بۇ دۆلەت، سۆزۈكنى يۆلەر.

2106. بېگى بولسا مەيخور، قوپال ھەم بۇزۇق،
ھاراقكەش بولۇر ھەممە خەلقى تولۇق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاندا ئەمەلدارلار ۋە خىزمەتچىلەرگە يەنە ئۇياتچان (2000 ـ بېيىتتىن 2009 ـ بېيىتقىچە، 2199 ـ، 2201 ـ بېيىتلار، 2202 ـ بېيىتتىن 2007 ـ بېيىتقىچە)، ھوشيار (2019 ـ، 2020 ـ بېيىتلار) بولۇش تەلىپىنى قويۇپ، مۇكەممەل بولغان ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى قوشۇنىنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپىنى ۋە شەرتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، خىزمەتچىلەردىن ئۇلارنى ئەمەلىيىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئايرىم تەلەپلەر

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىدا ئەمەلدارلار ۋە خىزمەتچىلەر ھەققىدە ئومۇمىي ۋە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەخسۇس توققۇز باب ئاجرىتىپ، يۇقىرىسى باش ۋەزىردىن تۆۋىنى ئىدىشچى باشى (مېھمان كۈتكۈچى) غىچە بولغان بارلىق خادىملارنىڭ ساپا، پەزىلەتلىرى ھەققىدىمۇ ئايرىم تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ بارلىق خادىملار خانغا، ھاكىمىيەتكە سادىق، ياخشى خىسلەتلىك كىشىلەردىن بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەرقايسىسى ئۆز خىزمىتىگە ئائىت بىلىم ـ ھۈنەرلەرنى پىششىق بىلىشى لازىم، دەپ قارايدۇ.

شائىر ۋەزىرنى دۆلەتنىڭ ئاساسىنى كۆكلەتكۈچى دەپ قاراپ، ۋەزىر ئىدراكلىق، مەرىپەتلىك، ھوشيار، ئادىل، پاك كىشى بولۇشى كېرەك، دەيدۇ ھەمدە «ياخشى ۋەزىر باشقىلارغا سۈيىقەست ـ زىيانكەشلىك قىلماسلىقى لازىم» دېگەن نۇقتىنى تەكرار ئىزاھلايدۇ (29 ـ باب).

سۇ باشى (باش قوماندان) دىن بولسا ھەممىدىن ئاۋۋال باتۇرلۇقنى ھەم جاسارەتنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە سۇ باشى «دۈشمەندىن قورقمايدىغان، پولاتتەك چىڭ، جەسۇر، توغرا سۆزلۈك، يولۋاس سۈپەت كىشى بولۇشى» لازىم؛ سۇ باشى ئۈچۈن پەقەت ئات، كىيىم ۋە قورال بولسىلا بەس، ئۇ «ئوغلۇم، قىزىم، خوتۇنۇم» دەپ مال يىغماسلىقى، «يەر، سۇ، بېغىم» دەپ كۆمۈش يىغماسلىقى لازىمكى، ئەسكەرلەر ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئالسۇن؛ چۈنكى، «ئارسلانلار ئىتلارغا باش بولسا، ھەممە ئىتلار بولۇر ئارسلانسىمان، ئەگەر ئىتلار ئارسلانغا باش بولسا، ئارسلانلار بولۇر ئىتسىمان» (30 ـ باب) دەپ قارايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە مۇنداق قارايدۇ: ئۇلۇغ ھاجىپ بەگنىڭ كۆرەر كۆزى، يول كۆرسەتكۈچىسى، شۇڭا ئۇ ئۆتكۈر كۆز، سەزگۈر قۇلاققا ئىگە بولۇشى، توق، ھايالىق، ئۇياتلىق، زېرەك، سەگەك، تەقى ـ تۇرقى كېلىشكەن، تەقۋادار، ئېغىر ـ بېسىق، كەمتەر، مۇلايىم، يۇمشاق سۆزلۈك، چىدامىلىق، پاك ـ ديانەتلىك، سىر ساقلىيالايدىغان، سەنئەتنى چۈشىنىدىغان، كىتابلارنى يازالايدىغان، ھەممە ئىشنى ئىلىم يولى ئارقىلىق چۈشىنەلەيدىغان، چۈشەندۈرەلەيدىغان ۋە ھەل قىلالايدىغان بولۇشى (31 ـ باب) كېرەك؛ ئىشىك ئاغىسى خان (بەگ) نىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئالاقىسىنىڭ راۋانلىقىغا مەسئۇل، شۇڭا ئۇ ھوشيار، سەزگۈر، چاققان، ساداقەتمەن، ئىشەنچلىك بولۇشى، قوغدىغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن تارتىپ غىزا ـ تاماققىچە تولىمۇ ئەستايىدىل بولۇشى، قىلچىلىك سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەسلىكى، يۇمشاق سۆزلۈك، كەمتەر بولۇپ، ئالاقىنىڭ راۋانلىقىغا تولۇق كاپالەتلىك

قىلىشى (32 ـ باب)كېرەك؛ ياۋالاچ (ئەلچى) بولسا خانلىقنىڭ ۋەكىلى، شۇڭا ئۇ ئۆز ئوبرازى ۋە ماھارىتى بىلەن ئۆزگىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشى، كىتابنى كۆپ ئوقۇشى، شېئىرنى چۈشىنىشى ۋە يازالىشى، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، ھېساب، گېئومېترىيە قاتارلىق پەنلەرنى، دامكا ـ شاھمات، چەۋگان ئويناشنى، ئوۋ ئوۋلاشنى، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى بىلىشى ۋە كۆپ تىل بىلىشى، زېھنى ئوچۇق، سۆزمەن، تەقى ـ تۇرقى كېلىشكەن بولۇشى زۆرۈر (33 ـ باب)؛ «قىلىچ بىلەن قەلەم جاھاننىڭ تۈۋرۈكى، قىلىچ مەملىكەتنى ئېلىپ ئەل تۇتىدۇ، قەلەم مەملىكەتنى تۈزەپ مال يىغىدۇ، قىلىچ قان تېمىتسا، بېگى ئەل ئالىدۇ، قەلەمدىن سىياھ تامسا، ئالتۇن يىغىلىدۇ»، شۇڭا پۈتۈكچى تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم؛ پۈتۈكچى كۆيۈمچان، ساپ دىل، تەمەسىز بولۇشى، مال ـ دۇنياغا ئۆزىنى ئۇرماسلىقى، مەي ـ شاراب، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلمەسلىكى، خىزمىتىگە سادىق، چىدامىلىق، ئەستايىدىل كىشى بولۇشى كېرەك...

ئومۇملاشتۇرغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلۇغ گۇمانىس شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ھاكىمىيەتكە، ھاكىمىيەتنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئەمەلدارلار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارى ھەققىدە يولغا قويۇلۇشچانلىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان زۆرۈر قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، قۇدرەتلىك، كۆڭۈلدىكىدەك جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزغان. شائىرنىڭ «بىلىم، قانۇن، ئەخلاق ۋە قانائەت» قارىشى ئەمەلدارلار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا تەبىئىي يۇسۇندا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن ۋە جۇلالاندۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋە ئۆرنەك قىلىش، پاك ـ دىيانەتلىك، ئىشەنچلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك خىزمەتچىلەر قوشۇنى ۋە ئەۋزەل خىزمەت مۇھىتى بەرپا قىلىپ، ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پايدىلانمىلار:

1. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى؛
2. ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى؛
3. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى؛
4. تۇرسۇن نىياز: « ‹ قۇتادغۇ بىلىك › تە بايان قىلىنغان ئەمەلدارلاردا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەت ـ پەزىلەت توغرىسىدا»، «ئۇلۇغ ئابىدە ـــ ‹ قۇتادغۇ بىلىك › » ناملىق ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن ماقالە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى؛
5. مۇھەممەتجان سادىق: «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت خىزمەتچىلىرى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى»، يۇقىرىقى كىتاب، 554 ـ بەت؛
6. ۋاھىتجان غوپۇر: «چىرايلىق ئىش پۈتۈنلەي بىلىمدىن كېلىدۇ»، يۇقىرىقى كىتاب، 149 ـ بەت؛
7. كېرىمجان ئابدۇرېھىم: « ‹ قۇتادغۇ بىلىك › تە بايان قىلىنغان ئەخلاق پەلسەپىسى»، يۇقىرىقى كىتاب، 871 ـ بەت.

(ئاپتور خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)



# كلاسسىكلىرىمىز نەزىرىدىكى ئۇسسۇل سەنئىتى

رىزۋانگۈل ئابابەكرى

ئۇيغۇر خەلقى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن خەلق. شىنجاڭ تارىختىن بېرى «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، دىيارىمىزدا بايقالغان ناھايىتى قەدىمىي دەۋرلەرگە مەنسۇپ قىيا تاش رەسىملىرىدە ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ ئىزنالىرى ساقلانغان. سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى يۇكسەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇيغۇر ناخشىچىلىرى ۋە ئۇسسۇلچىلىرىنىڭ ماھارىتى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تاماشىبىنلار ئارىسىدىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەنلىكىگە قارىماستىن، يەنىلا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ 14 — 15 ـ ئەسىرلەردىكى تەرەققىياتى ھەققىدە ۋېنگىرىيىلىك ئالىم ھېرمان ۋامبېرىمۇ ھەيران بولغان ھالدا مۇنداق دەپ يازغان: «ئىسلام ئاسىيانىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن خەۋەردار كىشىلەر ئۇچۇن تېمۇرىيىلەر دەۋرىدە رەققاسلار (ئۇسسۇلچىلار) نىڭ بولغانلىقى تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر. بابۇرنىڭ بايانىغا قارىغاندا، شۇ زاماندا رەققاس (ئۇسسۇلچى) لارنىڭ بىرىنچىسى سەييىدلەردىن (مۇھەممەد پەيغەمبەر نەسلىدىن) بولغان بەدر ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، بۇ كىشى رەققاسلىق (ئۇسسۇل) سەنئىتىدە ئىنتايىن ماھىر ئىكەن. ئۇ ئۆزى شەخسەن بىرقانچە تۇرلۇك رەقسلەر (ئۇسسۇللار) نى ئىجاد قىلغان»①.

ھېرمان ۋامبېرى 15 — 16 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى، تەپەككۇرىنىڭ شۇ قەدەر يۇكسەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى ئەنە شۇنداق بايان قىلغان.

18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە ياشاپ ئىجاد قىلغان كلاسسىك شائىرىمىز خوجا سىددىق فۇتۇھى ئۇسسۇل ھەققىدە مۇنداق ئوتلۇق مىسرالارنى يازغان:

جىلۋە ئەيلەپ بەزمە ئىچرە بەرقەدەك پەرران ئۇسۇل،

---

① ھېرمان ۋامبېرى: «بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى»، بۇخارا خەلق نەشرىياتى 1924 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ جىلد، 45 ـ بەت.

كۆڭلۈم ئۆرتەر، نەيلەگەيمەن، ئاپەتى دەۋران ئۇسۇل.

(قانداق قىلىمەن، بەزمە ئىچىدە چاقماقتەك تېز ھەرىكەت قىلغۇاتقان شوخ ئۇسسۇل گويا كى دەۋرلەرنىڭ ئاپىتىدەك كۆڭلۈمگە ئوتلارنى يېقىپ كۆيدۈرىدۇ.)

ئىلگىرى چاپچىپ، كېيىن يانچىپ، خىرام ئەتكەن چاغى
كىبك ئىلە تاۋۇسنى ئەيلەر بەسى ھەيران ئۇسۇل.

(ئالدىغا چاپچىپ، كەينىگە داجىپ پۇرۇشكە باشلىغىنىدا، بۇ ئۇسسۇل كەكلىك بىلەن تۇزنىمۇ ھەيرانۇ ھەس قالدۇرىدۇ.)

بۇ ئۇسۇل ۋەسفىنى تىل بىرلە نىچۇك ئەيلەي بەيان،
بىر ئاياغ ئورنىچە يەردە يۈزچە ئايلانغان ئۇسۇل.

(بىر ئاياغ ئورنىچىلىك يەردە يۈزچە ئايلانغان بۇ ئۇسسۇلنىڭ تەرىپ ـ تۆسۈپىنى تىل بىلەن قانداق بايان قىلىپ بولالايمەن.)

بۇ ئۇسۇل مۇھتاجىنىڭ موھتاجى بولساڭ، فەخر بىل،
ئەي فۇتۇھى بۇ ئۇسۇل ئىبرمىش شەھى شاھان ئۇسۇل[1].

(ئەي فۇتۇھى، سەن بۇ ئۇسسۇل موھتاجلىرىنىڭ موھتاجى بولالىساڭ پەخىرلەنگىن. چۈنكى، بۇ ئۇسسۇل ھەممە شاھلارنىڭ شاھىدۇر.)

شائىر فۇتۇھى بۇ مىسرالاردا ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ شوخ، چاققان، مەردانە خاراكتېرىنى ئەينەن تەسۋىرلىگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىنى ئىپادىلىگەن.

دېمەك، كلاسسىكلىرىمىز ئۇسسۇل سەنئىتىنى شۇ قەدەر سۆيگەن، ئۇلۇغلىغان ۋە ئۇنىڭغا شۇنچە يۇقىرى باھا بەرگەنىكەن. بىراق، كېيىنكى دەۋرلەردە خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيىتى، ئاڭ ـ سەۋىيىسى شۇ قەدەر تۆۋەنلەپ كەتكەنكى، ئىلگىرىكى تەرەققىياتلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغان. ۋامبېرى بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

زامان شۇ دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتتى. «تېمۇرىيلەر ئىنقىرازىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىمى دەرىجىدىكى مەدەنىيەتتىن ۋە ھەقىقىي نەفاسەت (گۈزەل سەنئەت) كە بېرىلىشتىن ئايرىلىپ، شۇ قەدەر جاھالەت ۋە ۋەھشەتكە چۈشتىكى، بۇنىڭدىن ئۇ ھېچ ۋاقىت ئازاد بولىدىغاندەك ئەمەس. مەدەنىيەت دەۋرى سۇنۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھاياتىمۇ زەئىپلىككە يۈز تۇتتى»؛ «ئەگەر ھازىر بىر مۇسۇلمان بېشىغا

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 2 ـ سان، 33 ـ، 34 ـ بەتلەر.

يوغان سەللە ئورىغان بىر كىشىنىڭ رەقىس (ئۇسسۇل) ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرسە، قانچىلىك دەھشەتكە چۈشەر»①.

ۋامبېرى بۇ يەردە تارىختا ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىدە يۈكسەك تەرەققىيات ۋە ئالىي ئاڭ - سەۋىيىگە يەتكەن بىر خەلقنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئاڭ - سەۋىيە ۋە دۇنيا قاراش جەھەتتىكى چېكىنىشىنى، بولۇپمۇ 19 - ئەسىردىكى جاھالەتلىك مەنزىرىسىنى ئەپسۇسلىنىش بىلەن بايان قىلىدۇ.

بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە زامان تەرەققىي قىلدى. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ئازاد بولدى. ئەمما، ناخشا - ئۇسسۇلغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتا يەنىلا بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ، ئۆتمۈشتىكى زۇلمەتلىك دەۋرلەرنىڭ ئاسارىتىدىن خالىي بولالمىغان قاششاق، بېكىنمە ئىدىيىلەرنىڭ قالدۇقلىرى يەنىلا بار. بۇنى تەدرىجىي تۈگىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل سەنئىتىمۇ ئۆزىنىڭ سەۋىيىسىنى ۋە ساپاسىنى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، شۇ ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ئېڭىنى بارغانسېرى ئۆستۈرۈشى، بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇسسۇلغا بولغان بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى ئۆز قىممىتىنى نامايەن قىلىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىشى كېرەك. ئۇسسۇل بولسا سەنئەت ساھەسىدىكى بىر خىل ئىپادىلەش ۋاسىتىسى. ئۇنىڭدا گۈزەل، ئالىيجاناب، ئۇلۇغۋار ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەشكىمۇ، چاكىنا، پەسكەش، چىرىك ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىمىز ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتنى، ئۇلۇغۋار ئىدىيە، مەردانە كەيپىياتنى، گۈزەل ۋە ساغلام كىشىلىك ھېسسىياتنى تەشۋىق قىلىشى، تۇيغۇلارغا باي نەپىس ۋە نازاكەتلىك ئۇسسۇل ھەرىكەت ئېلېمېنتلىرىنى داۋاملىق ساقلىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك. بىز ئۇسسۇل سەنئىتىمىزگە ئارىلىشىپ قالغان بەزى قوپال، شاللاق ئىپادىلەرنى قەتئىي تازىلىشىمىز، خەلقىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، كىشىلىك ئەخلاق مىزانلىرىغا زىت كېلىدىغان چاكىنا قىلىقلارغا سەھنىلىرىمىزدىن ئورۇن بەرمەسلىكىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى يەنىمۇ ئۆستۈرگىلى، ئۇسسۇل سەنئىتىگە نىسبەتەن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى ئۆزگەرتىپ، بۇ مۇھىم سەنئەت تۈرىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى ياراتقىلى بولىدۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە)



① ھېرمان ۋامبېرى: «بۇخارا ياكى ماۋەرا ئۇننەھر تارىخى»؛ بۇخارا خەلق نەشرىياتى 1924 - يىلى نەشرى 45 -، 46 - بەتلەر.

# خاجە ئەبدۇللاھ مەرۋارىد ۋە ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى

بەختىيار نۇرمۇھەممەت

خاجە ئەبدۇللاھ مەرۋارىد 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خۇراساندا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر شائىر، كومپوزىتور ۋە ماھىر خەتتات. ئۇنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى ماھارىتى زاماندашلىرى ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىغان ۋە يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. ئەلىشىر نەۋائىي (مىلادىيە 1441 ــ 1501) ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە خاجە ئەبدۇللاھ مەرۋارىد ھەققىدە توختىلىپ، مۇنداق دېگەنىدى: «خاجە ئەبدۇللاھ ــ بىر مەزگىل ۋازارەت مەھكىمىسىدە مۆھۈر باسقان خاجە مۇھەممەد مەرۋارىدنىڭ ئوغلى. ئاتىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سوراپ، ئاسايىشلىق خىلۋەتنى خالىدى. بۇ خىل كىشىلەر ئىچىدىن بۇنداق شەرەپكە ئاز كىشى مۇيەسسەر بولغاندۇر. ئۆزى كىچىك يېشىدا ھەر خىل ئىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەپ، نوتا، مۇزىكا ئىلمىدە ۋە خەتتاتلىق پېنىدە تەڭداشسىز بولۇپ يېتىشتى. قالۇننى ئۇنىڭدەك ئۆزگىچە چالىدىغان بىرەرىنىڭ بارلىقى زادىلا مەلۇم ئەمەس. ئۇ پادىشاھ خىزمىتىدە ئالىي مەنسەپلەرگە ئېرىشتى، شۇلار جۈملىسىدىن بىرى ۋەزىرلىكتۇر. ئۆزى ھازىر جاۋاب، خۇش خۇلقلۇق ۋە خۇش سۆھبەت يىگىت.»①

نەۋائىينىڭ بۇ بايانلىرىدىن خاجە ئەبدۇللاھ مەرۋارىدنىڭ تۈرلۈك ئىلىملەردە، بولۇپمۇ مۇزىكا، نوتا ۋە خەتتاتلىق جەھەتتە يۇقىرى قابىلىيەت ھاسىل قىلغانلىقىنى، قالۇن چېلىشتا ئۆزىگە خاس ماھارەت يېتىشتۈرگەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ خۇراسان دۆلىتىدە پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارا تەرىپىدىن ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان(مىلادىيە 1499 ــ 1551)نىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە خاجە ئەبدۇللاھ مەرۋارىد ھەققىدە مۇنداق مەلۇماتلار يېزىپ قالدۇرۇلغان:

«خاجە ئەبدۇللاھ مەرۋارىدنىڭ مەۋلىۋىيە سۇلۇكى جەھەتتىكى ئەھۋالى ‹تەزكىرەئى مەۋالىي› ناملىق تەزكىرىدە بايان قىلىنىغان. شېئىرىيەتتە ھىلالىي ۋە ئەھلىيدىن، تەئلىق خېتىدە ئەڭ ئالدىنقىسى بولغان مىر ئەبدۇلھەي ۋە موللا دەرۋىشتىن، نەسختەئلىق خېتىدە سۇلتانمۇھەممەد نۇردىن كېيىن ئۇنىڭ نامىنى يېزىش كېرەك. ئۇ ھەر خىل پەنلەردە تەڭداشسىز ۋە مىسلىسىزدۇر. قانۇن(قالۇن) دا ئۇنىڭغا يېتىدىغان ھېچ كىشى يوق، «گىرفت» نى ئۇ ئىختىرا قىلغان. قەدىمىي ساز بولغان قانۇننى چېلىشتا ئۇنىڭغا تەڭ تۇرالايدىغانلار يوق ئىدى. باشقا سازلاردىنمۇ خەۋەردار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەبىئىيىتى قانۇنغا كۆپرەك مايىل ئىدى. چۈنكى، بۇ سازمۇ خۇددى خاجە ئەبدۇللاھقا ئوخشاش ناھايىتى چۈس ۋە كەسكىن خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، خاجە ئەبدۇللاھنىڭ تەبىئىيىتى قانۇندىن باشقا

سازغا ئانچە قىزىقمايتتى، بۇ پەندە ئۇ ئۇستاز ئىدى. بارلىق ماھارەت ۋە پەزىلەتلەردە كامىل ئىدى. شۇ جۈملىدىن مۇغەننىيلەر تائىپىسىنىڭمۇ ئەڭ ئالدىنقىسى ئىدى»②.

مىرزا ھەيدەرنىڭ بۇ بايانىدىن خاجە ئەبدۇللاھ مەرۋارىدنىڭ تۆرلۈك ئىلىملەردىكى ئىقتىدارىنى، بولۇپمۇ مۇزىكا ئىلمىدىكى تەڭداشسىز ماھارىتىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا زور تەسىرگە ئىگە شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان شائىر، تارىخچى ۋە داڭلىق مۇغەننىي موللا ئىسمەتۇللاھ بىننى موللا نىئمەتۇللاھ مۇئجىزى ئۆزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە خاجە ئەبدۇللاھ مەرۋارىدنى مۇزىكا ئىلمىنىڭ پىر ـ ئۇستازلىرى قاتارىدا تىلغا ئالغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ تارىخىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، نۇرغۇن خەلق سەنئەتكارلىرى، ناخشىچىلىرى، سازەندىلىرى بىلەن بىللە يەنە بۇ ساھەدە كۆپلىگەن يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئالىملار، ئەدۋار تۈزگۈچىلەر (نوتا يازغۇچىلار)، مۇزىكا ئىجادكارلىرىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى ۋە ئۆلمەس ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولىمىز. خاجە ئەبدۇللاھ مەرۋارىد ئەنە شۇ بۈيۈك تالانت ئىگىلىرى بىلەن بىر قاتاردا دىيارىمىزنىڭ مۇقام ـ مۇزىكا ساھەسىدە ئۆچمەس تەسىر قالدۇرغان مۇزىكىشۇناس ئالىمدۇر. ئۇنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە خاجە ئەبدۇللاھ مەرۋارىدنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر نەچچە بېيىتىنى مىسالغا ئېلىپ كۆرسەتكەن. غەرب ئالىملىرىدىن ئاتاقلىق شەرقشۇناس ھىرمان ۋامبېرى «بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە خاجە ئەبدۇللاھ مەرۋارىد ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «شائىر خاجە ئەبدۇللاھ مەرۋارىد ‹بايانىي› نامى بىلەن بىرمۇنچە غەزەل ۋە قەسىدىلەرنى يازغان، ‹مۇنىسۇل ـ ئەھباب› ناملىق بىر دىۋان تۈزگەن، ئىنشا ئۇسلۇبىغا ئائىت بىر رىسالە تۈزۈپ قالدۇرغان»③.

بۇ مەلۇماتتىن خاجە ئەبدۇللاھ مەرۋارىدنىڭ مۇزىكىشۇناسلىقتىن تاشقىرى يەنە شېئىرىيەت ۋە نەسرىي يېزىقچىلىق جەھەتتىكى قابىلىيىتىدىن خەۋەردار بولىمىز.

دېمەك، مۇزىكا سەنئىتى تارىختىن بېرى ئۇلۇغ ئالىملار، ئۆتكۈر تالانت ئىگىلىرى ۋە ئۆمۈر بويى بۇ ساھەدە ئەجىر سىڭدۈرگەن پىداكار شەخسلەرنىڭ قۇتلۇق ئەمگەكلىرى نەتىجىسىدە ئۈزلۈكسىز بېيىغان ۋە تەرەققىي قىلغان.

ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى قەدىم ئەجدادلارنىڭ سەنئەت مىراسلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا يەنىمۇ تاكامۇللاشقۇسى ۋە تەرەققىي قىلغۇسى.

ئىزاھلار:

1. ئەلىشىر نەۋائىي: «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشرى، 457 ـ، 458 ـ بەتلەر؛
2. مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2002 ـ يىللىق 5 ـ سان، 17 ـ بەت؛
3. ھىرمان ۋامبېرى: «بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى»، بۇخارا خەلق نەشرىياتى 1924 ـ يىلى نەشرى، 38 ـ بەت.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلىدا)

# ئابدۇقادىر داموللا ھېكمەتلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

▲ ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى مەيلى ئۇ ياخشى ئەمەلنى ئاز قىلسۇن ياكى كۆپ قىلسۇن، گۈزەل ئەمەلىيىتىگە باغلىق!

▲ زاماننىڭ ھادىسىلىرى سانىلىدىغان ئەرلەر مۇھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغان، دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە يەتكەن، بىناۋالارنىڭ كۆڭلىنى ئالغان، ھەق سۆزنى ئېيتقان كىشىلەرنى ھىمايە قىلالىغان ئەرلەردۇر.

▲ ئالىملار ئۆز ئىلمىنى ئەتراپقا رىياسىز تارقاتسا، ئۇلارنىڭ ھەربىر لەۋزىدىن قەنت ـ شېكەر تامسا، ئالەم نۇرغا تولۇپ زاماننىڭ قاراڭغۇسىمۇ يورۇيتتى.

▲ ئەقىل ئىگىسى بولساڭ، قورۇق دېمەي بۇ سۆزگە قۇلاق سال: غەيرەت ئەھلى دائىم قانائەتچان بولسا نېمىدېگەن ياخشى؟ بىر مىسال باركى، كىشىدىن تەمە قىلماق گويا ئۆكۈزدىن سۈت، مۈزدىن ئوت تەمە قىلغان بىلەن باراۋەردۇر.

▲ ئەگەر ئادەم ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئۆزى ئاشكارىلاپ بولۇپ، ئۇنى «يېپىقلىق» دەپ باشقىلارنى ئەيىبلىسە، ئۇ ئەخمەقتۇر. چۈنكى، ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئۆز قەلبى سىغدۇرالمىسا، باشقىلارنىڭ قەلبى قانداقمۇ سىغدۇرالىسۇن ؟!

▲ توغرا سۆزگە ئىشەنمەي، خاتا سۆزگە ئىشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان قوۋم ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش قىيىن.

▲ گەرچە لاياقەتسىز يەر بولسىمۇ ياخشىلىق تېرىغىن، ياخشىلىق قەيەرگىلا تېرىلسۇن، زايە كەتمەيدۇ. ياخشى ئىشقا گەرچە ئۇزۇن زامان بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھوسۇلىنى پەقەت تېرىغان كىشىلا كۆرىدۇ.

▲ كىتاب ئوقۇغان كىشى تەپەككۇرنى ھەمراھ قىلماي، كىتابنىڭ شەرھ ـ ئىزاھىغىلا ئېسىلىۋالسا، گويا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ كىشىلەرنى ھۆرمەت قىل، سەن باشقىلارغا ھۆرمەت قىلساڭلا، ئاندىن باشقىلاردىن ھۆرمەت كۆرەلەيسەن:

چىرايىنىڭ ھۆسنىگە تولمىقى بىلەن
يىگىتنىڭ پەزىلەت شەرتى تولامدۇ؟

تۆمۈرنىڭ پارقىراق بولمىقى بىلەن
يەمەندىن چىققانغا دەلىل بولامدۇ؟

▲ كېچەيۈ كۈندۈز مېھنەت بىلەن بولۇپ، ئۆز ئابرۇيىنى ساقلىسا، مۇنداق كىشى ئەلدىن ئازار كۆرمەيدۇ، ھېچ زامان خار بولمايدۇ.

▲ پەسەندىلەرگە ھەرگىزمۇ مېھرىبانلىق كۆرسەتمە، ئۇنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قويىسەن. قوپاللىق قىل، ئىتائەت قىلىپ باش ئەگكەن ھالدا ئالدىڭغا كېلىدۇ. شۈبھىسىزكى، تۆمۈرنى پەقەت ئوتلا يۇمشىتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا پۈتۈن دېڭىز سۈيىنى قۇيساڭمۇ يۇمشىمايدۇ.

▲ ئەگەر سەن سۆيۈگىنى «ئەخلەت چۆشكەن» دەپ ئىچمىسەڭ، ئۇسسۇز قالىسەن. قانداق كىشىنىڭ سۆيىنىڭ ھەممىسى ساپ بولغان؟ يەنە قانداق كىشىنىڭ ھەممە ئىشى دۇرۇس دەپ قارالغان؟ كىشىنىڭ ئەيىبلىرىنىڭ سانالغانلىقى ئاشۇ كىشىنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ يېتەرلىك ئىسپاتىدۇر:

ھەرقانداق كېسەلگە تېپىلسىمۇ ئەم،
يوق ھەرگىز ئەخمەقنى ساقايتار مەلھەم.

▲ نەپس شۇنداق بالادۇركى، ئەگەر ئەقىل ئۇنىڭغا شاھلىق قىلالمىسا، ئۇ ئادەمنى ئىتتىنمۇ پەسلەشتۈرۈۋېتىدۇ. خۇدا، نەپس بالاسىدىن ساقلىغايسەن !

▲ بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەمىنى قايتا - قايتا تېتىپ كۆردۈم. لېكىن، مەن تېتىغان نەرسىلەر ئىچىدە گادايلىقتىنمۇ تەمى ئاچچىق نەرسە يوق ئىكەن. مېنى قايغۇغا سالغان نەرسىلەر ئىچىدە دۈشمەننىڭ شادلىقىدىن باشقىسىنى تاپالمىدىم.

▲ ئالىم شاگىرتلىرىغا ئىلىم ئۆگەتكەندە، غەرەزدىن خالىي بولۇپ، ئۇلارغا ھەقىقىي كۆڭۈل قاراتسا، زامان ئەھلى نەزىرى تار موللىلاردىن قۇتۇلىدۇ.

▲ ئىلىم - مەرىپەتنىڭ قەدرى - قىممىتى بولمىغان جايدا مەرىپەت ئەھلى شۆھرىتى يوقىلىپ، خارۇ زارلىقتا يۈزلىنىدۇ.

▲ غەپلەتتە دائىم ئۇخلىماق — يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر.

▲ كىشىلەرنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنى ھەجۋىي قىلىدىغان كىشى پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ يۈرىكىنى ھەجۋىي بىلەن يارا قىلىدىغانلاردۇر. بۇنداقلارنىڭ ھەجۋىيسىگە تۈكۈرمەك كېرەك.

▲ ياخشىلىققا يات، مال - دۇنياغا مايىل بولۇپ، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى كۆزىگە سۈرتۈپ ئۆتكەن غېنىلەر ياخشى يولدا مېڭىشتىن باش تارتقان جىنايەتكارلاردۇر. ئۆز مېلىدىن ئۆشرە - زاكات ئايرىمىغان بايلار خىيانەتكارلاردۇر. بۇنداقلارنىڭ قولىدىكى مال ئامانەتدارنىڭ قولىدىكى مالغا ئوخشاش ئۆزىگە ئەسقاتمايدۇ. ئۇلار ئۆلىدۇ، مېلى قالىدۇ.

▲ دۇنيادا نىيەت - ئىقبالى دۇرۇس، كۈچ - قۇۋۋىتىمۇ يېتەرلىك نۇرغۇن ئادەملەر ئۆتكەن، ئەمما ئۇلار دائىم ئارزۇلىرىغا يېتەلمىگەن. يەنە نۇرغۇن زەئىپ، ئاجىز كىشىلەرمۇ ئۆتكەن. ئۇلار ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە قېنىپ، مۇرادى دېگۈدەك ھاسىل بولۇپ ئۆتكەن.

▲ سۆز زىننەتتۇر، سۈكۈت بولسا خاتىرجەملىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ سۆزلىمە. مەن سۈكۈت قىلغىنىمغا بىر قېتىممۇ پۇشايمان يېمىدىم. ئەمما، سۆزلىگىنىمگە كۆپ قېتىم پۇشايمان يېدىم.

▲ ھازىر ۋە كەلگۈسىنىڭ بەخت ـ سائادەت ۋە شاراپەتلىرى ياخشى نىيەت ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

▲ بىلىڭلاركى، بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىقنىڭ زامانىسى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىسىدۇر؛ جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرىدۇر؛ سۇسلۇق ۋە بىكارچىلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت ـ ئىجتىھات ۋاقتىدۇر.

▲ گۈل شۇنچە باراقسان ھەم خۇش پۇراق ئېچىلغان بولسىمۇ، ئاخىر توزۇپ چېچىلىشتىن خالىي بولالمىدى. ئادەمنىڭ ئۆمرى شۇ گۈلنىڭ ئېچىلىشىدىن توزۇغانچىلىك ۋاقىتتۇر. مۇشۇنچىلىك ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلمەي، كۆڭۈللەرنى ئورۇنسىز رەشك ـ ھەسرەت زەردابلىرى بىلەن ئۇپرىتىشتىن بىزگە نېمە پايدا بار؟

▲ ئىلىم بىلەن نىجات تاپ، مەڭگۈ ياشنايسەن.

▲ ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى كىشىلەر ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىقنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، مەنپەئەت يەتكۈزگەن كىشىدۇر. ئەگەر قادىر بولالىساڭ، كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى ئىشلاردىن باشقىنى قىلما، بارلىق يامان ئىشلاردىن يىراق بول.

▲ ھەر كىمنىڭ يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىغا ئۆزىنىڭ پېئىل ـ ئېتىبارى سەۋەبچىدۇر.

▲ ئىتتىپاق — بۆلۈنمەسلىكتۇر. ئىلگىرىلەش — چېكىنمەسلىكتۇر.

▲ سوئال: ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى نېمە بىلەن بولىدۇ؟

جاۋاب: ھەقىقەت ۋە راستچىللىققا ئەگىشىپ ئەمەل قىلماق بىلەن بولىدۇ.

▲ كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلغۇچى بولما. دوستلار سەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقىدۇ. شۈبھىسىزكى، خارلىق دېگەن كىشىلەردىن بىرنەرسە سوراشتۇر، گەرچە سېنىڭ سورىغىنىڭ «يول نەدە؟» دېگەن سوئال بولسىمۇ.

▲ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىقلىرى ھەممەتلىك ئىنسانلارنىڭ ئەمگەكچان قوللىرى ئارقىلىق دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان. شۇڭا، بىزنىڭ قىلىۋاتقان ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزمۇ دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈزەللىكى ئۈچۈن بولۇشى كېرەك.

▲ ھەرقانداق بىر ئىش ياخشى نىيەت بىلەن بولمىسا، ئۇ قىلچە پايدا بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى يامان ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلىدۇ.

▲ سوئال: مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا سەۋەب نېمىدۇر؟

جاۋاب: ئىككى نەرسىدۇر: بىرى، بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق؛ يەنە بىرى، تەپرىقىچىلىك ھەم ئىختىلاپتۇر.

▲ نىيەت قانچە ياخشى بولسىمۇ، پايدىلىق ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە، كامالەتكە يېتەلمەيدۇ.

▲ قانائەت ئەھلى ئەل ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئەلالىرىدىن سانىلىدۇ. ھەرقانچە ئىززەتلىك، ئېسىلزادە كىشى بولسىمۇ تەمەخور بولسا، ئىززىتى نابۇت بولىدۇ. ئېتى «ئەنقا» ئاتىلىدىغانلارنى زامانداشلىرىمىزدىن كىم كۆرۈپتۇ؟! ... دېمەك، قانائەت ئەھلى ئەنقا كەبى يۈكسەك ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر.

▲ ئەقىل، بىلىم ۋە ئەخلاق خارلانغان جايدا نەپس ۋە نادانلىقنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىشى مۇقەررەر.

▲ بىز ئۈچۈن قىممەتلىك نەق بايلىق ھېسابلىنىدىغان ئۆمرىمىز ئەتىگەندىن كەچكىچە ئايىغى چىقمايدىغان رەشك ـ خۇسۇمەتلەر ئىچىدە ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كەتتى. بىز بولساق، بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىلارغا پىسەنت قىلماي، غەپلەت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز.

▲ دۈشمىنىڭدىن بىر قېتىم ئېھتىيات قىلساڭ، دوستۇڭدىن مىڭ قېتىم ئېھتىيات قىل. كۆنلەرنىڭ بىرىدە دوستۇڭ دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالسا، زىيان سېلىشتا دۈشمەندىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدۇ.

▲ مېنىڭ يۇرتۇم ماڭا زۇلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ سۆيۈملۈكتۇر. مېنىڭ خەلقىم ماڭا بېخىللىق قىلغان تەقدىردىمۇ سېخىيدۇر.

▲ ئەگەر كۆزۈڭ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرسەتسە، سەن كۆزۈڭگە: «باشقىلارنىڭمۇ كۆزى بار» دېگىن. ئەگەر ئەقىل ئىگىسى بولساڭ، باشقىلارنى ئەيىبلىمەيتتىڭ. ئەگەر ئۆزۈڭدىكى ئەيىبنى كۆرەلىسەڭ، بۇ ئەيىبىڭ بىلەن جىم بولاتتىڭ.

▲ مۇھەببەت ۋاپادارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇھەببەت ئەھلىگە گۈزەل ئەخلاقلىق، ئېسىل تەبىئەتلىك كىشىلەردىن باشقىسى كېرەك ئەمەس.

▲ ھەربىر ئىش تىرىشچانلىق ۋە ئىجتىھات بىلەن بەرپا بولىدۇ.

▲ قوشنىلارغا پېشكەللىك يەتسە، ياردەم بەرمەسلىك قوشنا ھەققىنى ئادا قىلمىغانلىقتۇر:

دوست دېگەن ساماندەك سەيلىدە، باغدا،
ئايرىلۇر دوست ـ دۈشمەن ئەڭ قىيىن چاغدا.

▲ بوۋاقلارنىڭ تۇغۇلغان چاغدىكى يىغىسى دۇنيانىڭ ئۇنىڭغا ئۆزىدىكى نەرسىلەرنى بىلدۈرگەنلىكىدىن بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، بوۋاقنىڭ قورساقتىن كەڭرى جايغا چىقىپمۇ يىغلىغىنىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بالا دۇنيانى كۆرۈپلا دۇچ كېلىدىغان ئازابلارنىڭ تەھدىتىنى ھېس قىلغاندەك يىغلاپ كېتىدۇ.

▲ دەۋر بىر خىل ھالەتتە تۇرمايدۇ، بەزىدە ئارقىسىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ سېنى سەن ياقتۇرمايدىغان ئىشلارغا ئۇچراشتۇرسىمۇ سەۋر قىل، چۈنكى دەۋر سەۋر قىلمايدۇ.

▲ قەلەم ئەھلىنىڭ ئاچ كۆز بولغىنى ھەممىدىن يامان. ئۇنداقلار نەپسىنىڭ خاھىشى بىلەن بىرنى يىغلاتسا، بىرىنى كۈلدۈرىدۇ. بۇنداقلاردىن قايتا ـ قايتا ھەزەر قىلماق كېرەك.

▲ قەلەم ئەھلىنىڭ ئەدلى ـ ئىنساپلىق بولغىنى (بۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ھېچكىمگە ئەلەم يەتمىسە) ھەممىدىن ئەلا.

▲ بىراۋنىڭ ۋەسپىنى قىلغان شائىر شۇ كىشىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ھەقىقىي سۈپەتلىرىنى مەدھىيىلىگەن بولسا، شۇ شائىر دوستلۇققا يارايدۇ. بۇ خىلدىكى شائىرلار ھەقىقىي ئەقىل ئىگىلىرىدۇركى، ئۆزىنىڭ يازغانلىرىدا ئەيىب ـ نۇقسان بار ـ يوقلۇقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى تۈگىتىشنىڭ كويىدا بولىدۇ.

▲ سوئال: ئىززەت ـ ئابرۇي ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش ۋە ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ؛

▲ تەڭرىنىڭ ئىنسانغا كۆپتۇر تارتۇقى،
ئەقىل ۋە ئەدەپتىن يوقتۇر ئارتۇقى.
ئەقىل ۋە ئەدەپ ھەر ياشنىڭ جامالى،
ئۇنىڭسىز بولماس ھاياتنىڭ كامالى.
پەزىلەت كۆپ ئىرۇر بۇ ئالەم ئارا،
ئىلىمدۇر ھەممىدىن ئەلىيۇلئەلا.

ئىلىمدۇر بىباھا، قازسا پۈتمەس كان،
ئىلىمدىن باشقىسى كىمگە ئەسقاتقان؟
ئىلىملا ئىجادلىق بېرەر مەڭگۈلۈك،
بىلىملىك ھاياتتۇر، جاھىللار ئۆلۈك.
ئى ياش بىل، جاھىللىق نومۇستۇر بىشەك،
نادانلىق زۇلمىغا رازىدۇر ئېشەك.

▲ كىمكى ئۆزىنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلار ئۈچۈن دۇنيانى ماختىسا، قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ھېچقانچە ئۆتمەيلا ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ. ئەگەر دۇنيانىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ئۇنىڭ ھەسرىتى بولسا، كەلگەنلىكى ئۇنىڭ غېمىنى كۆپەيتىدۇ:

بەزىلەر بار «گەرچە گۇناھ مەندە تۇرۇپ،
قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي؟» دېمەيدىغان.

خورجۇنىنىڭ ئالدىنىلا كۆرۈپ، لېكىن
«ئارقا كۆزدە نە بار؟» دەپ غەم يېمەيدىغان.

▲ ئەمالارنى «دۆت» دەپ ئەيىبلىمە. بۇ مەسىلىدە دانالارنىڭ سۈكۈت قىلىشى توغرىدۇر. سەن قارىغۇلاردىن ھايا كۈتمە. چۈنكى، ئۇنىڭدىكى ھايانىڭ ئورنى خارابتۇر.
▲ خار ھاياتتىن ئۆلۈم گۈزەلرەك. چۈنكى، بەزى نومۇسسىز ئىشلارنى ھېچقانداق كىشى ئۆچۈرەلمەيدۇ:

پەيتى كەلسە ياخشى مالدىن كەچسەڭ بىراق،
ئابرۇيۇڭ مەڭگۈ سېنىڭدىن كەتمەس يىراق.

▲ ئەگەر مەن بىرەر نەرسىدىن ھەيران قالدىم دېسەم، ياشلارنىڭ قەدىر - قىممەتسىز ئىش - ھەرىكەتلىرى مېنى ھەيران قالدۇرغان بولىدۇ.
▲ بوۋاقنىڭ تۇغۇلغاندا ئالىقىنىنى يۇمۇۋالغانلىقى ھاياتلىقتىكى ھېرسمەنلىكىنىڭ بېشارىتىدۇر. ئۆلەر ۋاقتىدا ئالىقىنىنى ئېچىپ قويغانلىقى بولسا، «ئاگاھ بولۇڭلار، مەن دۇنيادىن ھېچ نەرسە ئالماي كەتتىم» دېگىنىنىڭ بېشارىتىدۇر:

باق ئوغلۇم خەلقىڭگە ئىللىق كۆز بىلەن،
ھەم كۆرسەت مېھرىڭدىن لۇتفى ئىنايەت.

كىچىككە رەھىم قىل، چوڭغا ئىززەت،
خەلق ئەتكەن ھەققىگە قىلما خىيانەت.

▲ ئەگەر سەن ئەقلىڭنى توغرا ئىشلەتسەڭ، ياتقان ئورنۇڭ كېچىدىمۇ ئەقىل نۇرى بىلەن دائىم يورۇپ تۇرىدۇ.
▲ بىر قوۋمدا ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىقا يېتەكلىگۈچى مەنىۋى رەھبەر بولمىسا، بۇ قوۋم كىشىلىرىنىڭ چېچىلغىنى چېچىلغان!

▲ ئەيىبلىك كىشلەرنىڭ ئەيىبى بىلەن پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ پەزىلىتىنى خەلق بىلمەمدىكەن دەپ قالما. چۈنكى، خەلق ئەڭ ئادىل نازارەت قىلغۇچى (كۆزەتكۈچى) دۇر.

▲ ئىنساننىڭ ئەڭ يامان ئىشى ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئۇنتۇپ قېلىش ۋە قېرىنداشىدىكى يېپىلىپ قالغان ئەيىبلەرنى تىلغا ئېلىپ يۈرۈشتۇر. ئەگەر ئىنسان ئەقىل ئىگىسى بولغان بولسا، ئۆزىگە قارىسا يېتەرلىك ئەيىبلىرى تۇرغان يەردە باشقىلارنى ئەيىبلىمىگەن بولاتتى.

▲ دۇنيادا ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ياقىدىن باش چىقارغان ئەل كۆزلىگەن مەقسەتكە مۇقەررەر يېتىدۇ.

▲ مۇشەققەتلەردىن كېيىن ئارزۇلارغا يېتىش مۇقەررەردۇر.

▲ تارىخ قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا، بەدەۋىيەتتىن مەدەنىيەتكە، قالاقلىقتىن تەرەققىياتقا، قاباھەتتىن گۈزەللىككە قاراپ راۋاج تاپقان.

▲ داۋالاش قىيىن بولغان كېسەلگە سەۋر داۋا بولىدۇ.

▲ ئۆمرىدە مېلىغا ئاپەت تەگمىگەن، دۆلىتى زىيادە بولغان سودىگەرلەر ئۆز مېلىدىن ۋاقتىدا ئۆشرە ـ زاكات ئايرىيالىغان، غېرىبلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرالىغان، ئاچلارنى ۋاقتىدا تويغۇزالىغان، يالىڭاچلارغا تون ياپالىغانلاردۇر.

▲ زامان ئەھلى ھەر قاچان ئاگاھ بولمىقى لازىمدۇر، كىشىنىڭ تېنىدە ئەقىل بىلەن نەپس دائىم ئېلىشىش ئۈستىدىدۇر. نەپس ئادەمنى ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلەر، ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپالار قىزىپ تۇرغان غاپىللىق يولىغا تارتسا، ئەقىل ئادەمنى زامانىنىڭ ناشايان ھالاۋەتلىرىگە بېرىلمەسلىككە، ھەر قاچان غاپىللىقتىن ھوشيار تۇرۇشقا تارتىدۇ. كىمدە ئەقىل غالىپ بولسا، ئۆمۈر بويى پۇشايمان نادامەتتىدىن خالىي ھالدا شاد ـ خۇراملىقتا ھەمراھ بولۇپ ئۆتىدۇ. نەپسى غالىپ بولغان كىشى ئاخىرىغىچە تەمە خارلىقى بىلەن ئۆتىدۇ.

▲ ياخشىلىقنى ئادەت قىلىش ئۈچۈن ئۇچۇق قول بولۇش كېرەك. ئۇچۇق قول كىشى ئىززەتتىن نېرى بولالمايدۇ.

▲ ئەقلىڭدىن مەسلىھەت سورا، ئەقلىدىن باشقىسىنى كېرەكسىز ھېسابلا.

▲ خارلارنىڭ خار تۇرمۇشىغا رازى بولۇشى ئۇلارنى تېخىمۇ خارلاشتۇرىدۇ.

▲ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئۇلۇغ كىشى دۇنيادا باشقىلارغا تايانمايدىغان كىشىدۇر.

▲ دانىشمەنلەر شۇنداق كىشىلەركى، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بىلىدۇ. ئولتۇرۇشلارنىڭ تۆرى ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن زىنىنەتلەنگەن بولىدۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەسىلىلەرنىڭ يۈزى غۇۋالىشىپ قالسا، ھەق يولىنىڭ يۈزى ئۇلار بەرگەن جاۋاب بىلەن نۇرلىنىدۇ. ئۇلار سۈكۈتتە تۇرسا، باشقىلارنىڭ سۈكۈتتە تۇرۇشىغا ئورۇن قالمايدۇ. گەپ قىلسىمۇ باشقا گەپ قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئورۇن قالمايدۇ.

▲ مەن قەيەردە بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر كۆڭلۈم خۇشال ياشايمەن. قانداقلا بولسۇن، ئاپەت، زىيانلاردىن قورقۇپ قالمايمەن.

▲ مۇھەببەت ئەھلى بولمىغان كۆپ كىشىلەر مۇھەببەت دەۋاسى قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇھەببەتتىن بەكمۇ يىراق. مۇھەببەت دېگەن قورقۇنچاق ۋە ئەخمەقلەرگە نەدە تۇرۇپتۇ؟ سېيماسى

تولۇن ئايدەك مەھبۇبقا پەم - پاراستى يوقىرى، ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىلەر ئاشىق بولۇپ، مۇھەببەت دەردىدە ئۆرتىنىدۇ.

▲ ئاي ئۆزىنىڭ سەۋرچانلىقى بىلەنلا ئۇلۇغلۇققا، ئالىي مەنزىلگە ۋە گۈزەللىككە ئىگە تولۇن ئايغا ئايلانغان.

▲ سۆزنى گراماتىكا بىلەن گۈزەللەشتۈر. چۈنكى، سۆز قائىدىسىدىن مەھرۇم بولغان كىشى سۆزنى بۇزىدۇ.

▲ سۆزلەيدىغان ئورۇننى تاپساڭ، چوقۇم كەڭتاشا سۆزلە. ئەگەر سۆزلەيدىغان ياخشى سۆزنى تاپساڭ، ئايىماي سۆزلە. چۈنكى، كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىلىم ۋە قابىلىيىتىگە يارىشا ئۇ سۆزلەردىن توغرا چۈشەنچە ئالىدۇ.

▲ ناۋادا رازى بولسام، دوستلىرىمنىڭ ئەيىبىنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسىم ئەيىبلىرىنىمۇ كۆرمەيمەن. خۇددى نەپرەت كۆزى ئەيىبدىن باشقىنى كۆرمىگەندەك دوستلۇق كۆزى ئەيىبلەرنى كۆرۈشكە ئاجىزدۇر.

▲ ئۇ ئاشىقلارغا تەبەسسۇم قىلغان پەيتى كۆرۈنۈۋىدى، پۈتۈن ئىنسانلار ئۇنىڭ گۈزەل جامالىغا ھەيرانۇ ھەس بولدى. مەن ئۇلارغا زىلەيخانىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىگۈچىلەرگە قارىتا ئېيتقان: «سىلەر مېنىڭ ئاشۇنداق گۈزەل ئالدىدا ئېزىققانلىقىمنى ئەيىبلىدىڭلار» دېگەن سۆزنى دېدىم.

▲ ئېرىنىڭ پەرمانىدىن چىقماي ھەم مۇسۇلمانچىلىق، ھەم روزىغار خوتۇنلۇق بۇرچىنى ئادا قىلىش بىلەن بولغان ئاياللارنى ئىنسان ئەمەس، بېھىشنىڭ ھۆرى دەپ بىلمەك كېرەك. بۇ خىلدىكى خوتۇنلارغا ئەر بولغانلارنىڭ ئىقبالى ھەر قاچان يورۇقتۇر.

▲ قاچانكى، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقلىرى بۇزۇلسا، ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا نۇقسان يېتىدۇ، ئىتتىپاقلىق يوقىلىدۇ. ھورۇنلۇق، بىكارچىلىقلار، زۇلۇم ۋە خىيانەتچىلىكلەر كۆپىيىدۇ. ئىلىم - مەرىپەت كېمىيىپ، شان - شۆھرەت خارۇ زارلىققا ئالمىشىدۇ.

▲ قايغۇ - ھەسرەت يېقىنقى خۇشاللىقتىن بېشارەت بېرىدۇ.

▲ بەزىلەر مېنىڭ ئۇ مەھبۇبنى ياخشى كۆرگىنىمنى ئەيىبلەشتى. بۇ مالامەتلەر مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشق - مۇھەببىتىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. مېنى مالامەت قىلغۇچىلار ئۇ مەھبۇبنىڭ تال - چىۋىقتەك قەددى - قامىتىنى كۆرگەندە، ماڭا ئۆزرە ئېيتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ تەبىئىتى نازۇكلۇقتا ۋە ئەخلاقى ئېسىللىكتە زامانىنىڭ تەڭداشسىزىدۇر.

▲ مەن شۇنداق كىشىمەنكى، سەممىيلىك ۋە ئەدەپ - ئەخلاق مېنىڭ تەبىئىتىمدۇر. ئارتۇقچىلىق، ئەخلاق ۋە ھىممەتلەر مەندە باردۇر. سېخىيلىقىم كاتتىلىق شەرىپىمنىڭ دەلىلىدۇر. خىسلەتلىرىمنىڭ ئەڭ ئەقەللىيسى خەير - ئېھسان ۋە سېخىيلىق قىلىشتۇر. دانالىق، ئېھتىياتچانلىق، ئىشەنچ، بىلىم ۋە ئىشتىياق، ئىلىم - ئېرپان ۋە ھېكمەتلەرمۇ مېنى تونۇيدۇ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى قاراقاش ناھىيە ياۋا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە)




غالىب مۇھەممەت قارلۇق

ئاياللىق سۈپەتلەر توغرىسىدا غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئۆزىگە خاس چۈشەنچىلىرى مەۋجۇت. تارىختا شەرققە قارىغاندا، غەربتە ئاياللار ئازادلىق ھەرىكەتلىرى بالدۇر باشلانغان، ئاياللار باراۋەرلىكىمۇ خېلى بالدۇرلار تەشەببۇس قىلىنغان. شۇڭا، شەرققە نىسبەتەن غەربتە ئايالدىن ئىبارەت «يېرىم دۇنيا»نىڭ ئېچىۋېتىلىشى كەڭ ھەم مىسلىسىز بولدى. شەرقتە بۇنداق ئاڭ ۋە مۇھىت قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىندى. بولۇپمۇ ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئاياللارنىڭ ئورنى مەسىلىسى «مۇزاكىرە قىلىنسا كۆپۈرلۇق بولىدۇ» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئەنە شۇ شەرق مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە ياشاپ، ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىگە بەيئەت قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىمۇ ئاياللار باراۋەرسىزلىكى مەۋجۇت. مەسىلەن، «خوتۇن كىشىنىڭ ئەرگە بېقىنمىقى ۋاجىپتۇر»، «ئاياللار مۇلازىم، ئەرلەر باشپاناھتۇر»، «خوتۇن كىشى ئەرلەرنىڭ قونچىقى»، «ئەرنىڭ گېپىنى يېرىش بىدئەتلىكتۇر»، «خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەر مۆئەييەن دەرىجىدە ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ دەستىكى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقى بولۇپ كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى ئىپادىلەش ئېڭى ۋە جاسارىتى كۈچلۈك بىر تۈركۈم ئاياللىرىمىز يېتىشىپ چىقىپ، سەمەرىلىك ئەمگەك ـ ئىزلىرى بىلەن تارىخ بېتىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. تومارىس ئانا، ئامانىساخان، نوزۇگۇم، يەتتە قىزلىرىم، رىزۋانگۈل ... قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئادەمگە ئىلھام بەخش ئېتىدىغان ئۈلگىلىك مەبۇدىلەردۇر... دېمەك، ئۇيغۇرلاردا ئاياللار باراۋەرسىزلىكى بىر قىسمەنلىك بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، مىللىتىمىزنىڭ ئاياللىق سۈپەت ھەققىدىكى گۈزەل ئەھكاملىرى ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. 11 ـ ئەسىرلەردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مۇتەپەككۇر بۇۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئاياللىق سۈپەتكە ئائىت ئېسىل تەلقىنلەر ئۇچرايدۇ:

4484. گۈزەل خۇينى ئىستە، ئاختارما جامال،
خۇيى ياخشى بولسا، تاپار ئۇ كامال.

4500. دۇرۇس خۇيلۇق ئۇلسا، گۈزەللىك كېلۇر،
خوتۇننىڭ كۆركى ئەخلاق، بىلىملىك بىلۇر.

4524. تالاي ئابرۇيلۇق قىزىل يۈزلۈك ئەر،
خوتۇنلار تۈپەيلى ئۆزى بولدى يەر.

4506. ئوغۇل – قىزغا ئۆگەت بىلىم ۋە ئەدەپ،
بىرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيادا نەپ.

ئۇنىڭدىن باشقا «داستان» دا تىلغا ئېلىنغان تۆۋەندىكى بېيىتلاردىنمۇ ئاياللىق سۈپەتكە دائىر «بېشارەتلەر»نى ئىلغا قىلغىلى بولىدۇ:

5389. كۆزى ئاچقا يەتمەس پۈتۈن بۇ جاھان،
قانائەت قىلغانلار بەختلىك هامان.

1899. سۆيۈملۈك يۈزىدە بولۇر بىر نىشان،
كۆزى كۆزگە چۈشسە بىلىنۇر شۇئان.

5923. كىم قىلسا ياخشى قىلىق، ئۇ بولدى تىرىك،
كىمكى يامان خۇلق، ئۇ ئۆلدى تىرىك.

4538. كىرىمگە يارىشا چىقىم ئەيلىگىل،
چىقىم بولسا دەرهال كىرىم يولىن قىل.

176. تىلىڭنى كۈزەت بەك، كۆزشلەر باش،
سۆزۈڭنى قىسقا قىل، ئۇزارتىلار ياش.

3931. ئۆز نەپسىن دېگەنلەر ئادەم بولۇرمۇ؟
ئەل نەپسىن دېسە كىم، چىن كىشىدۇر ئۇ.

155. ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.

ئومۇمەن، «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئاياللارنىڭ گۈزەل خۇيلۇق، ئەخلاقلىق، ساپالىق، رەتلىك، پاكىز، قانائەتچان بولۇشى كۈچلۈك تەرغىب قىلىنغان بولۇپ، ئاياللارمۇ بىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگىنىشى كېرەك، دېگەن ئۆلمەس، زامانىۋى ئىدىيە دىققەتنى ئالاھىدە تارتىدۇ. ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا مانا مۇشۇنداق ئادەمنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان يارقىن «خىتاب»نىڭ جاكارلىنىشى ھەقىقەتەنمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇتەپەككۇرانە دىتىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەڭ ئەقەللىيسى، يۇقىرىدا كۆرستىلگەن 4524 ـ بېيىتقىلا نەزەر سېلىپ ئاغدۇرساق، شۇنى بىلىپ يېتەلەيمىزكى، بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يىل ئىلگىرىلا خەلقىمىزدە ئاياللارنىڭ «يېرىم دۇنيا» لىق ئورنى، يەنە كېلىپ ئائىلە، جەمئىيەت، دۆلەت ئۈچۈن ئوينايدىغان رولى تونۇپ يېتىلگەن. ئەمما، بۇ «تونۇش» ھېسسىي باسقۇچتىلا تۇرۇپ قالغاچ، شۇنداقلا كېيىنكى مەزگىللەردىكى خوجىلارنىڭ مەشئۇم ئاياغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن جاھالەت تۇمانلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغاچقا، قاتتىق يىگىلەپ كەتكەن. ئەلۋەتتە، بىزدىكى «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن ماقال يۇقىرىقى بېيىت بىلەن مەنىداش ئىدى. ھەتتا يۇقىرىقى بېيىت مەنە تىرەنلىكى بىلەن بىز ھازىر ماقالە ـ ئەسەرلىرىمىزگە «مودا» قىلىپ ئىشلىتىۋاتقان «مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلار قولىدا»، «ساپالىق ئانىلاردىن ساپالىق (يارامىلىق) ئەۋلادلار تۇغۇلىدۇ»، «ئانىلار بىر قولىدا بۆشۈكنى تەۋرەتسە، يەنە بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدۇ»، «ئاياللار تۈزەلسە، مىللەت تۈزۈلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلەرنىڭ روھىنىمۇ ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن.

بىز ئادەتتە ئاياللاردا بولۇشقا تېگىشلىك مۇلايىملىق، مېھرىبانلىق، ساداقەتمەنلىك، كۆيۈمچانلىق، پاكىز ـ چېچەنلىك ۋە پەرزەنتنى ياخشى تەربىيىلەش قاتارلىق پەزىلەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، «ئايالىق خاراكتېر» دەپمۇ ئاتايمىز. بۇلارنى ئىنچىكە تەھلىل قىلساق، ئۇلاردا «ئانا (ئايال) ئائىلىنىڭ (دۇنيانىڭ) زىننىتى» دېگەن ھېكمەت چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان مۇلايىملىق قانداقتۇر ھەددىدىن زىيادە رايىشلىقنى ئەمەس، بەلكى خۇش پېئىللىق، ئەرگە پىكىر بىرلىكى نۇقتىسىدىن يېقىنلىشىشنى كۆرستىدۇ. ئايال مېھرىبان، يېقىشلىق بولسا، پەرزەنت بەختكە چۆمۈلىدۇ، ئەر تاتلىق ھېسلارغا ئەسرار بولىدۇ، دۇنيا «نازاكەتلىشىدۇ». قوپال ئەرگە نىسبەتەن ئايال

كىشى قانچە مۇلايىم، كۆيۈمچان بولسا، شۇ ئەرنىڭ قاغجىراق قەلبى شۇنچە ياشىرىپ، خاراكتېرى مۇلايىملىشىدۇ. ئەرگە سادىق بولۇش ئايال كىشىنىڭ پەزىلىتى، بىر ئائىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ كاپالىتى. كۆڭلى قارا، شاللاق ئاياللارنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەك قورقۇنچلۇق. ئائىلىدە ئايال ئىدىتلىق، چېچەن بولمىسا، ئەر تاغدەك بايلىق ئەكىرىپ بەرسىمۇ بەربىر توشمايدۇ. ئىدىتلىق ئايال كىچىككىنە (ئازغىنە) «دەسمايە» نىمۇ «باللىتىپ» (شاخلىتىپ) گۆھەرگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇنداق ئاياللاردىن ئەرلىرى چەكسىز ئىپتىخارلىنىدۇ، قەلبى ئىشەنچكە تولىدۇ ھەمدە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بارلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى تەسەددۇق قىلىدۇ، ئائىلىسىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوغدايدۇ. بىزدە «مەينەت ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ» دېگەن گەپ بار. ئەينى دەۋردە ئەرلەر تالا - تۈزدە ئەمگەك قىلىپ، ئائىلىسىنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلاتتى. ئايال بولسا ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئەرگە بىر خىل پاكىز، ئازادە مۇھىت يارىتىپ بېرەتتى. دېمىسىمۇ بىر كۈنلۈك ئەمگەكتىن ھېرىپ - چارچاپ قايتقان ئەر ئەنە شۇنداق مۇھىتتىكى ئايالىنىڭ ئىللىق تەبەسسۇمىدىن ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇيدۇ. مانا بۇ ئايالچە بېغىشلاش، ئەرچە قوبۇل قىلىشتۇر. «مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرنىڭ كەينىدە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە بىر ئايال بار» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ئانا (ئايال) بالىنىڭ تۇنجى ئۇستازى. ئانىدىكى (ئايالدىكى) ساپا ۋە پەزىلەت بالىنىڭلا ئەمەس، بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئاياللارنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ئوينايدىغان رولىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ.

خوش، بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىز ئاياللىرىنىڭ «سۈپەت - بەلگىلىرى» دە قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى؟

ئېچىۋېتىلگەن دۇنيانىڭ شىددەتلىك ئۇچۇر دولقۇنلىرىدا ئاياللىرىمىزنىڭ ئىدىيە، قاراشلىرىدىمۇ بەلگىلىك ئۆزگىرىش، تەرەققىياتلار يۈز بەردى ۋە بەرمەكتە. جەمئىيىتىمىزدىمۇ ئاياللارنىڭ ئورنىغا بولغان تونۇشتىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىغا (تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان) ئارىلىشالايدىغان بولدى. ھەرقايسى ساھەلەردىن ئايال چولپانلار، دوكتورلار، كارخانىچىلار يېتىشىپ چىقىپ، ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەردەكلا تۆھپە يارىتالايدىغانلىقى ئىسپاتلانماقتا. بۇنىڭ ئەكسىچە، زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ ھەررەڭ - سەررەڭ ئېزىتقۇلىرىنىڭ تەسىرىدە ئايىنىپ كەتكەن ۋە كېتىۋاتقان ئاياللىرىمىز ئەنە شۇ پاكىز، خۇش پۇراقلىق «يېرىم دۇنيا»نىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈۋاتىدۇ. ھەتتا ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكىنىڭ «قاتتىق تەكىتلىنىشى تۈپەيلى، شۇنداقلا بىرقىسىم ئاياللار ئەركىنلىكى قاراشلىرىنىڭ ئاياللىرىمىز ئېڭىدا بۆرەملىنىشى بىلەن ئاياللاردا بولۇشقا تېگىشلىك مۇلايىملىق، ساداقەتمەنلىك ۋە شەرم - ھايا ئايرىم ساندىكى ئاياللىرىمىزدا بەكلا سۇسلاپ كەتتى، «ئېچىۋېتىش» ئاياللىرىمىزنىڭ مېڭىسىدىن جىسمانىيىتىگە قاراپ يامرىدى، ئۇلار ئىچكى گۈزەللىككە قارىغاندا، تاشقى گۈزەللىككە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. مانا بۇ ئاياللار باراۋەرلىكىنىڭ زىيادە تەكىتلىنىشىدىن كېلىپ چىققان پاسسىپ بالانىستۇر. ئەرلىرىمىزدە بولسا ئەرلەرگە خاس بولغان جەسۇرلۇق، پىداكارلىق، باتۇرلۇق قاتارلىق پەزىلەتلەر سۇسلاپ، ئايالچە مىجەزلىنىش كۆرۈلمەكتە. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيىتىمىزدە ئايالچە ئەر، ئەرچە ئايال كۆپەيمەكتە. ھەتتا بىرقىسىم ئاياللىرىمىز ئەرلىكنى «پۇلى بار - يوقلۇقى» بىلەن ئۆلچەيدىغان، بىر قىسىم ئەرلىرىمىز ئاياللىقنى «زىلۋا بەدەن، مودا كىيىم - كېچەك، زىبۇ

زىننەتلىرى» بىلەن ئۆلچەيدىغان ئاجايىپ «بۇرۇلۇش ھەم بۇزۇلۇش» پەيدا بولدى. بۇنىڭ ئارقىسىدا ئائىلىۋى بىرلىك زور دەرىجىدە يىمىرىلىپ كەتتى. شەرم - ھايانىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى مەنىۋى چىرىكلىك، زاۋاللىقنىڭ بېشارىتىدۇر. ئەڭ يامان بولغىنى، بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ ئېڭىغىمۇ يات تۇيۇلمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئاسانلىقچە كۆنۈپ قېلىش بىنخۇدلۇق، «كېسەللىكتۇر». يەنە تېخى، «ئەرلەر قىلالىغاننى ئاياللارمۇ قىلالايدۇ، شۇڭا ئاياللار قىلالىغاننى ئەرلەرمۇ قىلىشى كېرەك» دېگەندەك قاراشلار ئاياللىرىمىزنىڭ ئىدىيىسىدە يىلتىز تارتىپ، بىرقىسىم ئەرلىرىمىز تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىندى. ئومۇمەن، زامانىمىز ئەرلىرىنىڭ ئايالىرىمىزدىن تەلەپ قىلىدىغان ئاياللىق سۈپەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

بەدىنى تولغان بولۇش، چىرايلىق (ئاساسەن قىياپەتنى دېمەكچى) بولۇش، پۇلدار ياكى سودىگەر بولۇش، سورۇندارچىلىقى بولۇش (ھاراق ئىچەلەيدىغان، تاماكا چېكەلەيدىغان بولۇش)، شوخ بولۇش، مودا كىيىنىش، ئوقۇغان، قازان بېشىغا پۇختا، ئىدىتلىق، يۈزى تۆۋەن بولۇش، ئىپپەتلىك، رايىش بولۇش، خىزمەتچى بولۇش، ئەمگەك قىلالايدىغان بولۇش، قانائەتچان، تىرىشچان، ئىشچان بولۇش... دېمەك، ئۇيغۇرلار نەزىرىدىكى ئاياللىق سۈپەتلەر ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مانا مۇشۇنداق ئەبجەش ھالەتتە بېيىماقتا. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرقىسىملىرىنى چەكلەشكە، تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توسالغۇ بولىدىغان مەيكۈرە - سۈپەتلەرگە جىددىي خاتىمە بېرىشىمىز كېرەك.

قىز بالا دېگەن بەربىر تالانىڭ (خەقنىڭ) ئادىمى، ئوقۇتۇپ نېمە ئىش قىلىمىز؟ ئايالنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا ئۆي ئىشى قىلىش، بالا بېقىش، ئەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش. ئايال كىشى دېگەن «ئاجىز» نەرسە. ئۆي ئىشىمۇ ئىشمۇ؟ ۋەھاكازالار. بۇنداق فېئودال ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىدىن ،ھېلىھەممۇ بەزى ئاياللىرىمىزغا «ئايال كىشى نادان بولسا، ئەرنىڭ قولى بولسا» دېگەنگە ئوخشاش ناكەس سۈپەتلەرمۇ ئارتىلماقتا. ئىجتىمائىي، روھىي يۈكنىڭ ئېغىرلاپ بېرىشى ۋە تۈرلۈك ئىسكەنجىلەر تۈپەيلى بەزى قىز - ئاياللىرىمىزدا ئايال بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. شۇنداقتىمۇ ئايال ئالىم، كارخانىچى ۋە ھەر ساھە ئايال ئەزىمەتلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى تارىختىكى ھەرقانداق بىر دەۋردىكىگە سېلىشتۇرغاندا ھاياجانلىق كۆرۈنۈش بولۇپ قالدى. نۆۋەتتىكى ئىش، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تىرىشىپ ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ گۈزەل ئەخلاق - ئەھكاملىرى ئارقىلىق قەلب ئېتىزلىقىنى سۇغىرىشىدىلا قالدى. شۇنداق بولغاندىلا ئاياللىق سۈپەتلەرمۇ ساغلام تەرەققىياتنى كۈتۈۋالىدۇ !

(ئاپتور ئۈرۈمچى شەھەرلىك 46 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)





# يەتتە گۈمبەز

تەرجىمە قىلغۇچى: ئافىئيە دۆلەت

تەرجىمە قىلغۇچىدىن:

«يەتتە گۈمبەز ھەققىدىكى ھېكايە» مەشھۇر شائىر ھەكىم ئىلياس بىننى يۈسۈف نىزامىنىڭ «ھەفت پەيكەر» (يەتتە گۈزەل) ناملىق كىتابىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىنغان.

ئۇ تەخمىنەن مىلادىيە 1131 — 1132 - يىللىرى گەنجە دېگەن جايدا دۇنياغا كېلىپ، مىلادىيە 1205 — 1206 - يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىر گەنجە شەھىرىدە.

شائىر ئۆز زامانىسىدا شېئىرىيەت ساھەسىدە مەشھۇر شائىرلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ «غايىبتىن پەيدا بولغان ئەينەك» دېگەن تەخەللۇسقا ئىگە بولغان ھەمدە خەمسىچىلىكنى تۇنجى قېتىم ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرگۈزگەن.

«ھەفت پەيكەر» نىزامى گەنجىۋىنىڭ خەمسىسىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ بىرى، يەنە «يەتتە گۈمبەز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «ھەفت پەيكەر» ئەسلىي مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان يەتتە كىچىك داستان بولۇپ، ئىرانلىق فەرەنگىس پەرۋىزى تەرىپىدىن «يەتتە گۈمبەز ھەققىدىكى ھېكايە» نامى بىلەن باللار چۆچىكىگە ئايلاندۇرغان.

باللار چۆچىكى شەكلىدە يېزىلغان بۇ ئەسەر سۆز - ئىبارىلىرى ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك، ۋەقەلىكلىرى قىزىقارلىق بولۇپ، پارس، تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە. بۇ ئەسەر 1928 — 1929 - يىللىرى تېھراندا نەشر قىلىنغان پارسچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

ئۆزلەشتۈرگۈچىدىن:

ئالدى بىلەن بۇ داستاننىڭ قەيەردە ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز زۆرۈر. بۇنىڭدىن مىڭ

يىل ئىلگىرى ئىران دۆلىتىگە يەزدىگەرI دېگەن پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ پەرزەنتى يوق ئىدى، چۈنكى پەرزەنتلىرى گۆدەك چاغلىرىدىلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. شۇنداق زامانلار بولىدىكى، خۇدا ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل ئاتا قىلدى. ئۇنىڭغا بەھرام دېگەن ئىسىم قويۇلدى. ئۇ كېيىن «بەھرام گور» دەپ نام ئالدى.

بەھرام دۇنياغا كېلىشى بىلەن تەڭ مەملىكەت مۆتىۋەرلىرى يەزدىگەرIگە پەرزەنتىنىڭ ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈشى ۋە ئوبدان تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنى يەمەن مەملىكىتىگە ئەۋەتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشتى. يەزدىگەر بەھرامنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى يەمەن مەملىكىتىنىڭ ئۇلۇغ زاتلىرىدىن بىرى بولغان نەئماننىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇردى.

* *

يەمەن مەملىكىتى ئىنتايىن ئىسسىق جاي ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بەھرام تۆت ياشقا توشقاندا، نەئمان خۇش ھاۋالىق بىر جايدا ئۇنىڭغا ئاتاپ دۇنيادا تەڭداشسىز بىر قەسىر بىنا قىلىشنى توغرا تاپتى.

بۇ ئىش ئۈچۈن سەمىنار ئىسىملىك ئۇستا مىمارچى ئېلىپ كېلىندى. بەش يىل جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق جەننەتتەك گۈزەل قەسىر ئاسمان ـ پەلەك قەد كۆتۈردى. بۇ قەسىرگە شۇنداق رەڭلەر بېرىلگەنكى، ئەتىگەنلىكى كۆك، چۈشتە سېرىق، بۇلۇتلۇق چاغلاردا ئاق كۆرۈنەتتى. بۇ ھەشەمەتلىك قەسىرگە «خۇرنەك» دەپ ئات قويۇلدى. بەھرام مانا مۇشۇ گۈزەل قەسىردە ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ، دەرس ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇ شۇ زاماندىكى ھەممە ئىلىملارنى ئۆگەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چەۋەندازلىق، ئوق ئېتىش ۋە شىكار قىلىشنى ناھايىتى ئوبدان ئۆگىنىۋالدى. ئۇ چىرايلىق ھايۋانلاردىن گورخەر( قۇلان ) ئوۋلاشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ پادىشاھلىق قىلغان دەۋرلىرىدە شاھلار ئۇنى «شاھ بەھرام گور» دەپ ئاتىشاتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەھرام ئۆز قەسىرىدە سەيلە قىلىۋېتىپ كۆزى بىردىنلا بىر ئۆيگە چۈشتى. بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ھېچكىم ئېچىپ باقمىغانىدى. بەھرام قەسىر باقاۋۇلىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ئۆيگە كىردى. ئۆي شۇنداق گۈزەل ۋە ھەشەمەتلىك ئىدى، تامغا يەتتە مەملىكەتنىڭ يەتتە گۈزەل مەلىكىسىنىڭ رەسىمى ئېسىقلىق تۇراتتى. بەھرام بۇ رەسىملەرنى كۆرۈپ تەئەججۈپلەندى. ئۆيدىن چىقىپ ئىشىككە قۇلۇپ سالدى ۋە: « كىمكى بۇ جايغا كىرگۈچى بولىدىكەن، جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن » دېدى.

نۇرغۇن يىللار ئۆتتى. بەھرام چوڭ بولدى. ئۇنىڭ دادىسى — ئىران شاھى يەزدىگەرI ئالەمدىن ئۆتتى. ھەر جەھەتتىن يېتىلگەن بەھرام ئۆز ۋەتىنىگە قايتتى ۋە سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ ئادىللىق بىلەن پادىشاھلىق قىلدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەھرام بالىلىق چاغلىرىنى ۋە شۇ گۈزەل قەسىرنى ئەسلەپ، شۇ قەسىردىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىدە كۆرگەن، ئۆزىنى بەكمۇ خۇرسەن قىلغان يەتتە مەملىكەتتىكى يەتتە مەلىكىنىڭ رەسىمىنى يادىغا ئالدى. شۇ قىزلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئەمرىگە ئېلىش قارارىغا كەلدى.

بۇ ئىش ئۈچۈن بەھرام يەتتە مەملىكەتكە نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن ئەلچى ئەۋەتتى. شۇنداق

قىلىپ يەتتە گۈزەل مەلىكە ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى.

بەھرام ناھايىتى خۇشال بولدى ھەم ئۇلار ئۈچۈن يەتتە رەڭدە يەتتە گۈمبەز ياساش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى. ئىككى يىللىق مۇددەتتە يەتتە رەڭدىكى يەتتە كۆركەم گۈمبەز بىنا بولدى. بەھرام يەتتە قىزنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەتتە گۈمبەزگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۆزى بولسا ھەپتىنىڭ ھەربىر كۈنىدە بىر خىل رەڭلىك كىيىم كىيىپ، كىيىمنىڭ رەڭگىدىكى گۈمبەزگە باراتتى. شۇ گۈمبەزدىكى گۈزەل مەلىكە ئۇنىڭغا قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ يەتتە گۈمبەز ھەققىدىكى بۇ ئەپسانە ۋۇجۇدقا كەلدى.

* *

شەنبە كۈنى بەھرام قارا كىيىم كىيىپ قارا گۈمبەزگە كەلدى. بۇ گۈمبەزنىڭ بانۇسى ھىندى شاھىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ مۇنۇ ھېكايىنى سۆزلىدى:

## قارا كىيىملىك پادىشاھ

بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى سەلتەنەتلىك ۋە ئادىل بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، دائىم باشقىلارغا خەير - ئېھسان ۋە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ ناھايىتى چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك بىر مېھمانخانا سالدۇرغان بولۇپ، ئۆز شەھىرىگە كەلگەن ھەرقانداق غېرىب - مۇساپىرنى شۇ مېھمانخانىدا ئوبدان كۈتۈۋالاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە باشتىن - ئاياغ قارا كىيىنگەن بىر مۇساپىر بۇ شەھەرگە كەلدى. ئۇ پادىشاھ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىندى. پادىشاھ ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. مۇساپىر غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— نېمە ئۈچۈن قارا كىيىم كىيىۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

مۇساپىر قارا كىيىم كىيىشىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەشنى خالىمايتتى. لېكىن، پادىشاھ قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامالسىز:

— چىن مەملىكىتىدە مەدھۇشان دەيدىغان مىسالى جەننەتتەك بىر شەھەر بار. ئۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق كېلىشكەن، ئەمما ئۇلار داۋاملىق قارا كىيىم كىيىدۇ، — دېدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپلا سىرتقا قاراپ ماڭدى.

قىسسىچى كەتتى تۇرۇپ،
قىسسە قالدى سىر بولۇپ.

شاھ قارا كىيىملىكلەر شەھىرىنى كۆرۈشكە مۇشتاق بولدى ۋە كۆڭلىدە ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قارا كىيىم كىيىشىدىكى سەۋەبنى بىلىشكە ئىنتىلدى. ئۇ سەپەر تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن يولغا چىقتى. ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكى ۋە بېشىغا نېمە كۈنلەرنىڭ چۈشكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىدى.



خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھ سەپەردىن قايتىپ كەلدى. ئۇ باشتىن ـ ئاياغ قارا كىيىنگەنىدى. ھېچكىم ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بىر كۈنى ئاخشىمى بىر گۈزەل مەلىكە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئەي كېرەملىك شاھىم، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى قەيەرگە باردىلا؟ باشلىرىغا نېمە كۈنلەر چۈشتى؟ نېمە ئۈچۈن قارا كىيىم كىيىۋالدىلا؟

پادىشاھ بۇ گۈزەل مەلىكىگە سىرىمنى ساقلايدۇ دەپ ئىشەنگەنلىكتىن، ئۆز ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى :

— مەن قارا كىيىملىكلەر شەھىرىنى كۆرۈشنى ۋە ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن قارا كىيىم كىيىدىغانلىقىنى بىلىشنى ئارزۇ قىلغانىدىم. ئەمما، ئۇ شەھەرنىڭ دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. كېيىن چىن مەملىكىتىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، سەپەر تەييارلىقىنى ھازىرلاپ يولغا چىققىتىم. ئۇ يەرنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە تاپتىم.

سورىدىم ئاشۇ شەھەرنىڭ نامىنى مەن نەچچە رەت،
باردىمۇ كۆردۈم، دېمەك يولغاچ ئۇنى كۆرمەك نىيەت.

ئۇ ئىنتايىن گۈزەل شەھەر بولۇپ، ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن. ئۇ يەردە بىر يىل تۇردۇم. بۇ جەرياندا ئۇ يەردىكىلەردىن نېمە ئۈچۈن قارا كىيىم كىيىدىغانلىقىنى سورىدىم. ھېچكىم بۇ توغرۇلۇق بىرنېمە دېمىدى. بىر قاسساپقا پۇل ـ پۇچەك بېرىپ يېقىنلاشتىم. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭدىن قارا كىيىملىكلەر شەھىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ مېنى بىر ۋەيرانە ئۆيگە باشلاپ باردى. ئۇ ئۆيدە بىر سېۋەت ئېسىقلىق تۇراتتى. قاسساپ مېنى سېۋەتتە ئولتۇرغۇزدى ۋە «كۆزۈڭنى يۇم» دېدى. كۆزلىرىمنى يۇمۇش بىلەن تەڭ سېۋەت كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ناھايىتى قورقتۇم ۋە قىلغان ئىشىمغا پۇشايمان قىلدىم. سېۋەت بولسا يۇقىرى ئۆرلەۋەردى.

ئاسماندا تۇيۇقسىز يوغان بىر قۇش پەيدا بولدى. مەن زېمىنغا قايتىۋېلىش ئۈچۈن قۇشنىڭ پۇتىغا ئېسىلدىم. ئەمما، بۇ قۇش تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلىدى. قۇياش ئاسماننىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، قۇش ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلەپ، بىر يېشىللىققا قوندى.

بۇ قۇش ئۈچۈن مىڭلاپ دۇئا قىلدىم،
قوللىرىمنى پۇتىدىن جۇدا قىلدىم.

ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. چۈنكى، بۇ جاي ناھايىتى چوڭ باغ بولۇپ، ئېرىقلىرىدا رەڭگارەڭ بېلىقلار ئۈزۈشۈپ يۈرەتتى. ھەممە جاي مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە ھەرخىل گۈللەر بىلەن تولغانىدى.

بۇ گۈزەل باغدا خېلى ئۇزۇن سەيلە قىلدىم. مېۋىلەردىن يەپ قورسىقىمنى تويغۇزدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن دەرەخ سايىسىدە يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتىم.

ئويغانسام كەچ بولۇپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. تويۇقسىز يىراقتا چىراغ نۇرى پەيدا بولۇپ، ئاستا - ئاستا ماڭا يېقىنلاشتى، قارىسام بىر-بىرىدىن گۈزەل قىزلار قوللىرىدا شام كۆتۈرگەن هالدا كېلىۋېتىپتۇ.

قىزلار باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، يىپەك گىلەم سېلىپ، ئۈستىگە ئالتۇن تەخت قويدى. ئۇلارنىڭ خوش قامەتلىك گۈزەل مەلىكىسى تەخت ئۈستىدە خۇددى يېڭى كېلىنلەردەك نازلىنىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ:

— بۇ جايدا ئادەمزات بار ئىكەن، بېرىپ ئۇنى تۇتۇڭلار، ئەگەر زېمىندىن كەلگەن ئادەم بولسا، بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. قىزلاردىن بىرى مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. مەلىكە مەندىن هال - ئەھۋال سورىدى ۋە ئۆز يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ:

— سىزنى كۆرگىنىمىزدىن ئىنتايىن خۇشالمىز، ئەزىز مېھمان. ئولتۇرۇشىمىزغا داخىل بولغايسىز، — دېدى.

ئۇلار مېنى ئىنتايىن ياخشى كۈتۈۋېلىشتى. قەلبىم خۇشاللىق ۋە گۈزەللىكتىن ئاجايىپ شادلاندى. كۆڭلۈمدە مۇشۇ گۈزەل دۇنيادا ۋە ئاشۇ ئاي يۈزلۈك قىزلارنىڭ ئارىسىدا ياشىسام، يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ غەم - غۇسسىلىرىدىن يىراق تۇرسام، دەپ ئويلايتتىم. ھەممىدىن مۇھىمى، مەن مەلىكىگە ئاشىق بولغانىدىم. ئۇنىڭ ئىسمى تەركىناز ئىدى. شۇنداق چىرايلىق ئىدىكى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى خالىمايتتىم.

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلدىم.ئەتىسى يەنە كەچ بولدى. ھەممىمىز شادلىققا چۆمدۇق. مەلىكىگە ئۆزىنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولغانلىقىمنى ئېيتىپ، توي تەلىپى قويدۇم. ئەمما، ئۇ زېمىندىن كەلگەن ھەرقانداق كىشى بىلەن توي قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىر مەھەل دۇنيا كۆزۈمگە قاراڭغۇ ۋە تار كۆرۈندى. قەلبىم غەم - غۇسسىگە تولدى. ئۇنىڭدىن ھەرقانچە ئۆتۈنگەن، ھەتتا كۆزلىرىمدىن يامغۇر كەبى ياش تۆككەن بولساممۇ، تەلىپىمنى قوبۇل قىلمىدى.

ئاشۇ كېچىدىن باشلاپ ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتكە مۇپتىلا بولدۇم. ئۈچىنچى ئاخشامغا كەلگەندە ئۇيقۇ ۋە خاتىرجەملىكنى پۈتۈنلەي يوقاتتىم. ئاخىر ئۆزۈمنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا تاشلىدىم ۋە ئۇنىڭدىن تەلىپىمنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈندۈم. مەلىكە مېنىڭ ئىنتايىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى كۆرگەندىن كېيىن:

— بولىدۇ، تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلاي. لېكىن كۆزىڭىزنى بىردەم يۇمۇپ ئاندىن ئېچىڭ، — دېدى.

خۇشاللىقىمدىن قىن - قىنىمغا پاتماي، شۇ زامانلا كۆزۈمنى يۇمدۇم. كېيىن كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، مېنى ئاسمانغا ئېلىپ چىققان ھېلىقى سېۋەت ئىچىدە تۇرىمەن. بۇ نۆۋەت سېۋەت مېنى ھېلىقى ۋەيرانە ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئازابتىن ئۆلگىلى تاسلا قالدىم. شۇنداق، ئۇلار مېنى ئاشۇ گۈزەل دۇنيادىن مەھرۇم قىلىشتى.

يېنىمدا قاساپ دوستۇم تۇراتتى. ئۇ سېۋەتنى چۈشۈرۈپ مېنى چىقىرىۋالدى. دەرد - ھەسرەتتىن ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇدەكمۇ ھالىم قالمىغانىدى. ئۇ ھالىمغا ئېچىنىپ:

— ئەي ئەزىز دوستۇم، ئازابلانما ! مۇشۇ شەھەرنىڭ ھەممە كىشىلىرى مۇشۇ سېھىرلىك بىلەن ئاشۇ جەننەتتەك جايغا بارغان ھەمدە ئاشۇ گۈزەل مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ، مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي، ئارماندا قايتىپ كېلىپ، خاپىلىقتىن قارا كىيىنىشكەندى. چۈنكى، ئۇ مەلىكە زېمىندىن بارغان ھەرقانداق ئادەم بىلەن توي قىلىشنى خالىمايدۇ. ئەمدى بۇ شەھەر خەلقلىرىنىڭ نېمە سەۋەبتىن قارا كىيىم كىيىدىغانلىقىنى بىلگەنسەن؟ — دېدى.

پادىشاھ بۇ ھېكايىسىنى تۈگىتىپ مەلىكىگە:

— شۇنداق قىلىپ مەنمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ قارا كىيىملىكلەرنىڭ ئەزاسى بولۇپ، قارا كىيىم كىيىدىغان بولدۇم ھەم «قارا كىيىملىك پادىشاھ» دەپ نام ئالدىم، — دېدى.

جاھان ئىچرە يەتتە رەڭ بار، پەقەت قارا رەڭلا ئەلا،
رەڭلەر ئىچرە، يەتمەس ھەرگىز ئېسىللىكتە ھېچ رەڭ ئاڭا.

*　　　*

يەكشەنبە كۈنى نۆۋەت سېرىق گۈمبەزگە كەلگەنىدى. بەھرام سېرىق كىيىم كىيىپ ئۇ يەرگە باردى. رۇم پادىشاھىنىڭ قىزى «كېنىزەكپۇرۇش پادىشاھ» ھېكايىسىنى باشلىدى.

## كېنىزەكپۇرۇش پادىشاھ

ئىراقنىڭ مەلۇم بىر شەھىرىدە ناھايىتى مېھرىبان ۋە ئادىل بىر پادىشاھ ياشايتتى. داخانلار ئۇنىڭغا: «ئەگەر توي قىلساڭ، بەختسىز بولىسەن» دەپ بېشارەت بەرگەنلىكتىن، ئۇ كۆپ يىللاردىن بېرى توي قىلىپ، خوتۇن ـ بالىلىق بولۇشنى خالىماي تەنھا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى.

ئەمما، پادىشاھ يالغۇزلۇق ئازابىدىن قېينىلاتتى. ئاخىر بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىرقانچە چىرايلىق كېنىزەك سېتىۋالدى. پادىشاھ ئوردىسىدا قېرىپ مۈكچىيىپ قالغان بىر موماي بار ئىدى. ئۇ قىزلار ئوردىغا كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا: «پادىشاھ سېنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، سېنى ئەمرىگە ئالماقچى ئىكەن، سەن ئوردىنىڭ بانۇسى ۋە پادىشاھنىڭ خانىشى بولىسەن» دەپ ئالدىدى. كېنىزەكلەر ئۆز ـ ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىپ، خىزمىتىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ كېنىزەك ئىكەنلىكىنى يادىدىن چىقىرىپ قويۇشتى. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىنتايىن غەزەپلەندى ـ دە، ئۇلارنى دەرھال سېتىۋەتتى. ھېچ ۋاقىت ھەرقانداق قىز بىلەن توي قىلماسلىق قارارىغا كەلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئادىل پادىشاھ كېنىزەك سېتىۋېلىپ، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىنلا سېتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن « كېنىزەكپۇرۇش پادىشاھ » دەپ نام ئالدى.

ساتتى كېنىزەكلىرىنى شاھ، ئۇلاردىن بولدى يىراق،
كېنىزەكپۇرۇشلۇقتا جاھاندا ئالدى ئاتاق.

لېكىن، ھېچكىم پادىشاھنىڭ جورىسىز ئۆتۈۋاتقىنىدىن ھەسرەت چېكىدىغانلىقىنى ئۇقمايتتى. ئۇ

دائىم مىجەز ـ خۇلقى بەلەن، ھۆسن ـ جامالى گۈزەل، مېھرىبان بىر قىزغا ئۆيلىنىپ، تەنھالىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىستەيتتى.

نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتتى. بىر كۈنى غۇلاملار پادىشاھقا بىر قولپۇرۇشنىڭ نۇرغۇن چىرايلىق قىزلارنى ئېلىپ شەھەرگە كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. پادىشاھ ئەمىرلىرىگە قولپۇرۇشنى كېنىزەكلىرى بىلەن قوشۇپ ئوردىغا ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار ئوردىغا ئېلىپ كېلىندى. پادىشاھ كېنىزەكلەرگە بىر ـ بىردىن قاراپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چىرايلىق بىر قىز بار ئىدى. پادىشاھ ئۇ قىزنى ياقتۇرۇپ قالدى ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش قارارىغا كېلىپ ئۇنىڭ باھاسىنى سورىغانىدى، قولپۇرۇش:

— ئەي پادىشاھئالەم، بۇ چىرايلىق كېنىزەك سىلىگە ئەسقاتمايدۇ. ئۇ چىرايلىق بولغىنى بىلەن ھەرقانداق ئەر كىشىگە ياتلىق بولۇشقا ئۇنىمايدۇ. ئۇنى سېتىۋالغانلار دەرھال قايتۇرۇپ بېرىشتى. ئەڭ ياخشىسى بۇ كېنىزەكنى سېتىۋېلىش نىيەتلىرىدىن يېنىپ، باشقا قىز تاللىسىلا، — دېدى.

پادىشاھ شۇ گۈزەل كېنىزەكتىن باشقىسىنى سېتىۋېلىشنى خالىمىدى ۋە ئۇنى سېتىۋالدى. ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىق ۋە ئىشچان قىز ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى كېنىزەكلەرنى ئالدىغان ھىيلىگەر موماي قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنى يولدىن چىقىرىش كويىدا:

— پادىشاھنىڭ سېنى ئوردىغا بانۇ، ئۆزىگە خانىش قىلغۇسى بار، — دېدى.

بۇ ئەقىللىق كېنىزەك ئۇنى زاڭلىق قىلىپ :

— مەن ھېچقانداق كىشىگە ياتلىق بولمايمەن. ھەتتا مەملىكەتتىكىلەرنىڭ پادىشاھى بولغان تەقدىردىمۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

پادىشاھ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ھىيلىگەر مومايىنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. كېنىزەك پادىشاھ ئوردىسىدا ئۆزۈن مۇددەت خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خاتالىق سادىر بولمىدى. پادىشاھ كېنىزەكنىڭ خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدى.

بىر كۈنى ئاخشىمى پادىشاھ كېنىزەك بىلەن سۆھبەتلىشىۋېتىپ ئۇنىڭغا:

— سەندىن بىر سوئال سورىماقچىمەن، ئاۋۋال راست گەپ قىلىشقا ۋەدە بەرگىن، — دېدى.

سوئالىم بار ئېيتاي ساڭا، ئۇنى ئاڭلا،
راست گەپ ئۈچۈن ئالدىن ۋەدە بەرگىن ماڭا.

كېنىزەك راست گەپ قىلىشقا ۋەدە بەردى.

— نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى مەندىن قاچۇرۇپ يۈرسەن ۋە نېمە سەۋەبتىن ئەرگە تېگىشنى خالىمايسەن؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ.

— بىزنىڭ ئائىلىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى تۇغۇت ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتكەن، مۇشۇ سەۋەبتىن مەن ئەرگە تېگىشنى خالىمايمەن، — دېدى كېنىزەك ۋە ئارقىدىن، — مېنىڭمۇ سىلىدىن سورايدىغان سوئالىم بار، ئۆزلىرىنىڭمۇ راست گەپ قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى.

پادىشاھ مەلىكىنىڭ تەلىپىگە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى.

— سىلى نېمە سەۋەبتىن ئىلگىرىكى كېنىزەكلىرىنى سېتىۋېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىنلا سېتىۋەتتىلە؟ — دەپ سورىدى كېنىزەك.

— ھېلىقى كېنىزەكلەرنى سېتىۋېتىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، — دەپ سۆز باشلىدى پادىشاھ، — ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆڭلىدە مەن بىلەن توي قىلىپ، ئوردىنىڭ بانۇلىرىدىن بولۇشنى ئويلاپ،



خىزمىتىمنى قىلمىدى. مېنىڭ مال - دۇنيايىمنى كۆزلەشتى. ئايال كىشى دېگەن پاك بولۇشى، ئېرىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈشى، ھەرگىز ئۇنىڭ مال - دۇنياسىنى ۋە مەرتىۋىسىنى كۆزلىمەسلىكى كېرەك. سەن مېنىڭ ئىلگىرىكى كېنىزەكلىرىمدىن مېھرىبان ۋە ۋاپادار ئىكەنسەن، مال - دۇنيايىمغىمۇ كۆز تىكمەيدىكەنسەن. ئوردىغا بانۇ بولۇش خىيالىدىمۇ ئەمەسكەنسەن. شۇ سەۋەبتىن سېنى ياقتۇرۇپ قالدىم. سەندىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن. گەرچە خوتۇن ئالمايمەن دەپ قەسەم ئىچكەن بولساممۇ، سېنى خوتۇنلۇققا ئالماقچىمەن.

ئەمما، قىز پادىشاھنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتتى. پادىشاھ بۇ مېھرىبان كېنىزەككە ئاشىق بولغاچقا، ئۇنى ئەمرىگە ئېلىش خىيالىدا ساراڭ بولايلا دەپ قالغانىدى. ئوردىدىن ھەيدىۋېتىلگەن ھېلىقى ھىيلىگەر موماي پادىشاھنىڭ كېنىزەككە ئاشىق - بىقارار بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئوردىغا كەلدى ۋە پادىشاھتىن سۆزلىشىشنى ئۆتۈندى. پادىشاھ ماقۇل بولدى. موماي پادىشاھقا:

— ئۇ قىزنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، باشقا بىر كېنىزەكنى ئوردىغا ئەكېلىپ، كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭغا تازا مېھرىبانلىق قىلسىلا. شۇندىلا، قىز ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدۇ - دە، سىلى بىلەن توي قىلىشقا رازى بولىدۇ، — دېدى.

پادىشاھ بۇنىڭدىن باشقا چارە يوقلۇقىنى پەملەپ، يەنە بىر كېنىزەك سېتىۋېلىپ، كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلدى، لېكىن ئۇ كېنىزەكنى ياخشى كۆرمەيتتى. يەنىلا ئاۋۋالقى كېنىزەكنىڭ ئىشقىدا كۆيەتتى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى كېنىزەك بۇ ھالدىن ناھايىتى خاپا بولدى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ ھېلىقى مومايىنىڭ ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى پەملىگەن بولسىمۇ، يەنىلا سەۋر - تاقەت قىلىپ ھېچ نەرسە دېمىدى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ پادىشاھ يالغۇز قالغان چاغدا ئۇنىڭغا :

— ئەگەر كىمنىڭ سىزگە ئاشۇ قىزنى ئۆيگە ئەكېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇشنى ئۆگەتكەنلىكىنى دەپ بەرسىڭىز، ھەرقانداق تەلىپىڭىز بولسا ئورۇندايمەن، — دېدى.

— ھېلىقى موماي شۇنداق قىلىشقا ئۆگەتتى، — دېدى پادىشاھ.

قىز ۋەدىسى بويىچە پادىشاھ بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ، ئىككىيلەن توي قىلىپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردى.

## سۇلايمان ۋە بىلقىس①

ھەزرىتى سۇلايمان ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەردىن ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۆز زامانىسىدا ناھايىتى باي ئىدى، ھەممە ھايۋاننىڭ تىلىنى بىلەتتى ھەمدە ئۇلار بىلەن سۆزلىشەلەيتتى. شۇ زاماندا پۈتۈن دۇنياغا پادىشاھلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، پۇت - قوللىرى پالەچ ئىدى، ھېچقانداق ھەرىكەت قىلالمايتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇلايمان پەيغەمبەر خوتۇنى بىلقىس بىلەن ئولتۇراتتى، بىلقىس ئۇنىڭغا :

— ھەر ئىككىمىز ساغلام تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن پەرزەنتىمىز مۇشۇنداق پالەچ ۋە كېسەلچان تۇرەلدى؟ بۇ قېتىم جەبرائىل ۋەھىي ئېلىپ كەلسە، بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دېسىڭىز ھەمدە ئاللادىن ئوغلىمىزنىڭ كېسىلىگە شىپالىق تىلىسىڭىز، — دېدى.

سۇلايمان پەيغەمبەر خوتۇنىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، جەبرائىلنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتتى.

سۇلايمان بۇ سۆزدىن خۇشال بىنەزىر،  
جەبرائىل يولىغا بولدى مۇنتەزىر.

نۇرغۇن زامانلار ئۆتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە جەبرائىل سۇلايماننىڭ ئالدىغا كەلدى. ھەزرىتى سۇلايمان ئوغلىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى، ئاللاتائالادىن ئوغلىغا تەن دۇرۇسلۇق ئاتا قىلىشنى تىلىدى.

جەبرائىل ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:

— پەيغەمبىرىڭىز سۇلايماننىڭ بىر پەرزەنتى بولۇپ، پۇت - قولى پالەچ ئىكەن، ھەرىكەت قىلالمايدىكەن. مەندىن ئوغلىنىڭ داۋاسىنى تېپىپ كېلىشنى ئىلتىماس قىلدى، — دېدى.

ئاللا جەبرائىلغا ئېيتتى:

— بېرىپ سۇلايمانغا ئېيتقىن، بالىسىنىڭ پۇت - قولىنىڭ ساق - سالامەت بولۇشىنى ئىستىسە، ئەر - خوتۇن بىر - بىرىنىڭ سوئاللىرىغا راستچىللىق بىلەن جاۋاب بېرىشسۇن ! — دېدى.

جەبرائىل سۇلايمان پەيغەمبەرگە ئاللانىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزدى.

---

① بۇ ھېكايە «كېنىز،كېۋرۇش پادشاھ» ھېكايىسىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇنى سېرىق گۇمبەز مەلىكىسى يەكشەنبە كۈنى بەھرامغا سۆزلەپ بەرگەن.

سۇلايمان پەيغەمبەر بۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇپ، بىلقىستىن سورىدى:

— قېنى ئېيتقىن، سەن مەندىن باشقا ئەرگە نەزىرىڭنى سالغانمىدىڭ؟

— ئەي سۇلايمان! مەن سىزنى ھەرقانداق ئەرگە تەڭ قىلمايمەن. چۈنكى، سىز جاھاندىكى ئىنتايىن مېھرىبان، باي ۋە ئالىي مەرتىۋىلىك پادىشاھسىز. ئىلگىرى سىز خۇدانىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ يولباشچىسى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، مەن گاھى چاغلاردا چىرايلىق يىگىتلەرنى كۆرگىنىمدە، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ قالاتتىم، — دېدى بىلقىس.

بىلقىس سۆزىنى تۈگىتىشى بىلەن تەڭ بالىنىڭ پالەچ قولى ھەرىكەتكە كەلدى ـ دە:

— ئانا، قولۇم ساقايدى، — دېدى.

ئوغلىنىڭ قولىنىڭ ساقايغانلىقىنى كۆرگەن ئاتا ـ ئانا ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى. بىلقىس ئېرىگە:

— ئەمدى مەن سىزدىن سوراپ باقاي، سىزمۇ راست گەپ قىلىڭ . بەلكىم بۇنىڭ بىلەن بالىمىزنىڭ پۇتىمۇ ھەرىكەتلىنىپ قالار، — دېدى.

— نېمىنى خالىسىڭىز، شۇنى سوراڭ، — دېدى سۇلايمان.

— سىز ئاللانىڭ پەيغەمبىرى ۋە دۇنيادىكى مال ـ دۇنياسى ئەڭ جىق كىشىسىز، مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق سىزمۇ باشقىلارنىڭ مال ـ دۇنياسىغا كۆز تىكىپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدى بىلقىس.

— ھەر قانداق چاغدا بىرەر كىشى ماڭا ھاجىتى چۈشۈپ ئالدىمغا كەلسە، مەن ئۇنىڭ سوۋغات ئېلىپ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن قولىغا يوشۇرۇن قارايتتىم، — دېدى سۇلايمان.

سۇلايماننىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ بالىنىڭ پالەچ پۇتىمۇ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ يول مېڭىشقا باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ سۇلايمان پەيغەمبەر بىلەن بىلقىس راست گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كېسەلچان پەرزەنتى ساقىيىپ، پۇت ـ قولى ھەرىكەتكە كەلدى. بۇنىڭدىن ھەممەيلەن خۇشال بولۇشتى.

* *

دۈشەنبە كۈنى بەھرام كۆك رەڭلىك كىيىم كىيىپ، كۆك گۈمبەزگە كەلدى. كۆك گۈمبەز بانۇسى — مىسىر پادىشاھىنىڭ قىزى ئۇنىڭغا «بەشەر پەرزكار» دېگەن ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى.

## بەشەر پەرزكار

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا مىسىر شەھرىدە بىر كىشى بار ئىدى. ھەممە كىشى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى بەشەر بولۇپ، ئىنتايىن دانا ۋە پەرزكار بولغاچقا، ئۇنى كىشىلەر «بەشەر پەرزكار» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى خۇدا يولىدا ئۆتكۈزۈپ كەلگەن بولۇپ، ھېچقانداق يامان ئىشلارنى قىلمىغانىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەشەر بىر كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، بېشىغا قارا چۈمبەل سېلىۋالغان بىر ئايال ئۇچراپ قالدى. بىردىنلا قاتتىق شامال چىقىپ، ئۇ ئايالنىڭ چۈمبىلىنى يەرگە



چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ سۇمبۇل چاچ، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ئايال ئىدى. بەشەر ئۇنى بىر كۆرۈپلا بىر ئەمەس، مىڭ مەرتىۋە ئاشىق بولدى.

بەشەر بۇ ئەھۋالدىن مەن گۇناھ ئۆتكۈزدۈم دەپ ناھايىتى بىئارام بولدى. دېمىسىمۇ ئۇ باشقىلارنىڭ خوتۇنىغا ئاشىق بولغانىدى. ئۇ بۇ ئايال بىلەن توي قىلالمايتتى. قىسقىسى، بەشەر پەرزكار ئۆمرىنى ياخشىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەچكە، رەسۋالىق قورقۇنچىسى، ئاشىقلىق دەردى ئۇنى قىيناپ، كۆپ ئازاب چەكتى.

بەشەر ئاخىر ئۇ ئايالنى ئۇنتۇش مەقسىتىدە مۇساپىرلىق كەمىرىنى باغلاپ، پەلەستىندىكى مۇقەددەس شەھەر بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەپەر ئۈستىدە مەيلىخا ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. مەيلىخا ناھايىتى غەيۋەتخور، گەپدان ئادەم ئىدى. ئۇ ئاسمان ـ زېمىن، تاغ ـ دەريالار، دەشتلەر، ئىشقىلىپ دۇنيادىكى جىمىكى نەرسىلەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكى، نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن، كەلگۈسىدىكى ئىشلاردىن خەۋەردارمەن: بۇنىڭدىن ئىلگىرى جادۇگەرلىك قىلىپ، ھەممە نەرسىنى تىللاغا ئايلاندۇرالايتتىم، شوينىنى پۇۋلەپ قويسام يىلانغا ئايلىناتتى؛ قىسقىسى، دۇنيادىكى ھەممە بايلىقنىڭ ئاچقۇچى مېنىڭ قولۇمدا، دەيتتى. ئەڭ يامىنى شۇكى، مەيلىخانىڭ شۇنداق ئەقىدىسى بار ئىدىكى، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئىش ئاللانىڭ ئىلكىدە ئەمەس، يامغۇر، بوران ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولغان دەيتتى.

ئۇنىڭ پوچىلىقى، ماختانچاقلىقى بەشەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئاخىر ئۇ بەشەرنىڭ گېپىرىگە قۇلاق سالمىدى. بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ماڭغان ئاشۇ كۈنلەر ئىنتايىن ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ئۇلار بىر كۈنى گىياھسىز بىر چۆللۈككە يېتىپ كېلىشتى. ھەر ئىككىسى ناھايىتى ھالسىزلانغان ۋە چاڭقىغانىدى. ئۇلار سۇ تېپىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە چېپىشتى. تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ كۆزى بىر توپ چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىدىكى بۇلاققا چۈشتى. ئۇلار ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، سۇدىن قانغۇچە ئىچىشتى ۋە غىزالىنىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن، مەيلىخا بۇلاقتا يۇيۇنماقچى بولدى.

بەشەر ئۇنىڭغا بۇلاق سۈيىنى بۇلغىماسلىق ۋە ئۇزاق يوللاردىن كەلگەن مۇساپىرلارنى بۇ نېمەتتىن مەھرۇم قىلماسلىقنى ئېيتقان بولسىمۇ، كۆڭلى پەس مەيلىخاغا بۇ گەپلەر تەسىر قىلمىدى. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ سۇغا چۈشتى ۋە بۇلاققا چۆكۈپ كەتتى. ئۇ خاتا قىلغانىدى. ئۇ بۇلاق بولماستىن، بەلكى ناھايىتى چوڭقۇر قۇدۇق ئىدى. بەشەر ھەرقانچە قىلىپمۇ، ئۇنى قۇتقۇزالمىدى. مەيلىخا ئۆز بېشىغا ئۆزى چىقتى. بەشەر ناھايىتى مېھرىبان ئادەم بولغاچقا، سەپەردىشىنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ، خېلى ئۇزۇنغىچە ياش تۆكتى. ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ مەيلىخانىڭ كىيىم ـ كېچەك، پۇل ـ پۇچەكلىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى تېپىپ، ئىشنىڭ جەريانىنى ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن شەھەرگە قاراپ يول ئالدى.

بەشەر نۇرغۇن كۈنلەرنى تەنھالىق ۋە ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۇچرىغانلا كىشىگە مەيلىخانىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغانلىقىنى سورىدى.

بىرقانچە كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى بىر كىشى مەيلىخانىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنى تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە بەشەرگە ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

بەشەر ئاشۇ كىشىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە مەيلىخانىڭ ئۆيىنى تېپىپ، ئىشىكنى قاقتى. ئىچىدىن بېشىغا چۈمبەل سېلىۋالغان بىر ئايال چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە بەشەرنى ئۆيگە باشلىدى.

بەشەر ئايالغا يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى ۋە مەيلىخانىڭ نەرسە ـكېرەكلىرىنى ئالغاچ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— مەيلىخا مېنىڭ ئېرىم ئىدى. ئۇ ئىنتايىن يالغانچى ۋە پەسكەش بولۇپ، ماڭا دائىم ئازار بېرەتتى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرىمەن، — دەپ يىغلاشقا باشلىدى ئايال ۋە بىر ھازادىن كېيىن يىغىدىن توختاپ، — سىز باشقىلارنىڭ ھەققىگە قول ئۇزاتمايدىغان ئوبدان ئادەم ئىكەنسىز. مەيلىخانىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئەكېلىپ بەرگىنىڭىزگە رەھمەت. سىز ئىمانى كامىل ۋە راستچىل ئادەم ئىكەنسىز، خالىسىڭىز مېنى خوتۇنلۇققا ئېلىڭ، — دەپ يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئاچتى. ئۇ ئايال دەل بەشەر كوچىدا بىر كۆرۈپلا ئاشىق ـ بىقارار بولغان ئايال ئىدى. بەشەر بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇرسەن بولدى ۋە ئاللاغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ:

— مەن سىزگە ئۇزۇندىن بېرى ئاشىق ئىدىم. مۇرادىمنىڭ ھاسىل بولغىنىدىن ئىنتايىن خۇرسەنمەن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بەشەر راستچىللىقى ۋە دۇرۇسلۇقى بىلەن بەختىنى تاپتى.

* *

سەيشەنبە كۈنى نۆۋەت رۇسىيە پادىشاھىنىڭ قىزىغا كەلدى. قىزىل گۈمبەزدە ئۇ بەھرامغا «قەلئەدىكى شاھبانۇ» دېگەن داستاننى بايان قىلدى.

## قەلئەدىكى شاھبانۇ

قەدىمكى زاماندا رۇسىيىدە بىر پادىشاھ بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالدا تەڭداشسىز بىر گۈزەل قىزى بار ئىدى. ئۇ قىز ئىنتايىن ئەقىللىق ئىدى، سېھىرگەرلىكنىمۇ بىلەتتى.

بۇ گۈزەل شاھبانۇغا نۇرغۇن يىگىتلەر ئەلچى ئەۋەتتى. ئەمما، شاھبانۇ ھېچقايسىسىغا ياتلىق بولۇشنى خالىمىدى. ئۇ مېنىڭ بولغۇسى ئېرىم شىجائەتلىك، ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئاخىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۆزىگە ئاشىق يىگىتلەرنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، بىر ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە كىرىش يولى ناھايىتى مەخپىي مۇستەھكەم بىر قورغان سېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تاغ ئۈستىدە ئاسمان پەلەك بىر ھەيۋەتلىك قەسىر قەد كۆتۈردى. شاھبانۇ ئاتىسىدىن ئۆزىنىڭ بارلىق كېنىزەكلىرىنى ئېلىپ، قەسىرگە بېرىپ تۇرۇشى ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى.

پادىشاھ قىزىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك ۋە باشقا لازىملىق نەرسە - كېرەكلەرنى تەييارلاپ، كېنىزەك ۋە غۇلاملارنى قوشۇپ مەلىكىنى قەسرگە يولغا سالدى.

شاھبانۇ سېھىرگەرلىك ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، قەلئەنىڭ ئەتراپىنى تاش ۋە تۆمۈر بىلەن تىلسىم قىلدى. كىمكى قەلئەگە يېقىن كېلىدىكەن، ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزىنى تاپالماي ھالاك بولاتتى.

شاھبانۇ قەسرگە بارغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا كېلىدىغان ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇ كۆڭۈلدىكىدەك ھەمراھ تېپىش ئۈچۈن، ئاق پەردىگە قارا يىپەكتە گۈزەل چىرايىنى كەشتىلەپ، ئاستىغا: «مەن رۇس پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى بولىمەن. كىمكى مەن بىلەن توي قىلىشنى ئويلايدىكەن، بىرىنچىدىن، باتۇر ۋە ئابرۇيلۇق يىگىت بولۇشى؛ ئىككىنچىدىن، قەلئە ئەتراپىدىكى تىلسىمنى يېشەلىشى؛ ئۈچىنچىدىن، قەلئەنىڭ يوشۇرۇن ئىشىكىنى تېپىپ ئىچىگە كىرەلىشى؛ تۆتىنچىدىن، مەن سورىغان ھەرقانداق سوئالغا توغرا جاۋاب بېرەلىشى كېرەك» دەپ يېزىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا ئاستۇردى.

بۇ خەۋەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارالغاندىن كېيىن، نۇرغۇن بەردەم يىگىتلەر بۇ يەرگە ئارقا - ئارقىدىن كېلىشتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەلئەنىڭ ئەتراپىدىكى تىلسىمنى يېشەلمىدى ۋە يوشۇرۇن ئىشىكنى تاپالماي ھالاك بولدى.

ئارىدىن نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتتى. بىر كۈنى ياش ۋە باتۇر بىر شاھزادە شەھەر ئەتراپىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىلغان شاھبانۇنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ قالدى - دە، شۇ زامان ئۇنىڭغا ئاشىق - بىقارار بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەلىكىنىڭ شەرتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن قەلئەگە بېرىشقا بەل باغلىدى.

ئۇ يىگىت ناھايىتى يۈرەكلىك ۋە باتۇر يىگىت بولسىمۇ، ئەمما سېھىرگەرلىكتىن خەۋىرى بولمىغاچقا، قەلئەنىڭ ئەتراپىدىكى تىلسىمنى يېشەلمەيتتى ۋە يوشۇرۇن ئىشىكنىمۇ تاپالمايتتى. بۇنى ئويلاپ، شاھزادىنى غەم باستى. ئۇ ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇ ئىشقا چارە تاپالمىدى. شاھزادە ھەركۈنى شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ، ئۆزۈندىن - ئۆزۈن شاھبانۇنىڭ رەسىمىگە قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى، شاھبانۇنىڭ شەرتلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن چارە ئىزدەيتتى، لېكىن چارە تاپالماي قاتتىق ئازابلىناتتى. بىر كۈنى بىر موماي شاھزادىنىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق مەسلىھەت بەردى:

— ئەي يىگىت، ھەركۈنى مەلىكىنىڭ ئىشقىدا ھەسرەت چېكىپ، ياش تۆككىنىڭنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق. سۆزۈمگە قۇلاق سال، شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە بىر تاغ بار، شۇ تاغدىكى بىر غاردا بىر سۇمۇرغ بار. ئۇ ھەممە نەرسىنى بىلىدۇ، دۇنيادىكى ھەرقانداق تىلسىمنى يېشەلەيدۇ. ئەگەر سەن شاھبانۇنىڭ قەسرىگە كىرىمەن دەيدىكەنسەن، جەزمەن شۇ سۇمۇرغنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورىشىڭ كېرەك.

شاھزادە مومايىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن باشقا چارە يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، بىرئاز ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىۋېلىپ يولغا چىقتى. ئۇ نۇرغۇن يول يۈرۈپ، قاتتىق جاپا - مۇشەققەتلەر



تارتىپ، مىڭ تەسلىكتە ھېلىقى غارنى تاپتى. ئۇ غار ئاغزىغا كېلىپ ئۇخلاۋاتقان سۇمۇرغنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە سۇمۇرغنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭغا بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئۆزىگە ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈندى. سۇمۇرغ ئۇنىڭغا ئۈچ ئاغرىتىپ، قەلئەنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بەردى.

شاھزادە خۇشال ـ خۇرام ھالدا شاھبانۇنىڭ شەرتلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن قەلئەگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ قەلئە ئەتراپىغا يېتىپ كېلىپ، ھەممە تىلسىمنى يەشتى ۋە قەلئەنىڭ يوشۇرۇن ئىشىكىنى تېپىپ ئىچىگە كىردى. شاھبانۇ شاھزادىنىڭ تىلسىملارنى يېشىپ قەلئەگە كىرگەنلىكىنى ئۇقۇپ، غۇلاملىرىغا ئۇنى ئالدىغا ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. شاھزادە مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. شاھبانۇ قەددى ـ قامەتلىك بۇ شاھزادىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ۋە ئۇنىڭغا:

— سىز تۆت شەرتىمدىن ئۈچىنى ئورۇندىدىڭىز. ئەمدى تۆتىنچى شەرتىمنى ئورۇنداش ئۈچۈن، يەنى سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىشىڭىز ئۈچۈن شاھ ئاتامنىڭ ئالدىغا بېرىشىمىز لازىم، — دېدى.

شاھزادە بىلەن شاھبانۇ بىر نەچچە غۇلام ۋە كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا پادىشاھنىڭ قەسرىگە كەلدى. قىز ئۆزى بىلەن توي قىلىشقا كەلگەن يىگىتنى ئاتىسىغا تونۇشتۇردى. پادىشاھ بۇ قەددى ـ قامەتلىك باتۇر يىگىتنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە ئەمىرلىرىگە ئالىي مەجلىس ئۇيۇشتۇرۇشنى ئەمر قىلدى. مەجلىس ئەھلى تەق بولدى. پادىشاھ شاھزادىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ قىزىدىن قانداق سوئالى بولسا سورىشىنى تەلەپ قىلدى. شاھزادە قىزنىڭ سورىغان سوئاللىرىنىڭ ھەممىسىگە توغرا جاۋاب بەردى.

شاھزادە تۆت شەرتنى تولۇق ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈن، شاھبانۇ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلدى. جامائەت شاھبانۇنىڭ باتۇر، دانىشمەن شاھزادە بىلەن توي قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، خۇشال ھالدا ئۇلارغا بەخت تىلەشتى. پادىشاھ پۈتۈن شەھەرنى چىرايلىق بېزەپ، ئەل ـ جامائەتكە يەتتە كېچە ـ كۈندۈز نەغمە ـ ناۋا قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇلار ئۈچۈن كاتتا توي مۇراسىمى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. ساھىبجامال مەلىكە بەختلىك ھالدا تويلۇق لىباس كىيدى.

*　　　*

چارشەنبە كۈنى بەھرام يېشىل رەڭلىك كىيىم كىيىپ، يېشىل گۈمبەز بانۇسىنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ گۈمبەزدىكى بانۇ «تىرىشچان ماھان» دېگەن ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى.

## تىرىشچان ماھان

بۇرۇنقى زاماندا مىسىر شەھىرىدە بىر سودىگەر ئۆتكەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «تىرىشچان ماھان» دەپ ئاتىشاتتى. ماھان ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، دۇرۇس ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەممەيلەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. كىم مېھمان چاقىرسا، ئۇنى چىللىماي قالمايتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى دوستلىرىدىن بىرى ئۇنى ئۆز بېغىغا مېھمانغا چىللىدى. ماھاندىن باشقا يەنە نۇرغۇن مېھمان بار ئىدى. بۇ گۈزەل باغدا ھەممە ئويۇن - تاماشا ئەسۋابلىرى تەق ئىدى. ھەر خىل مەززىلىك نازۇ نېمەتلەر، مەي باغلاپ پىشقان مېۋە - چېۋىلەر، شېرىن شەربەتلەر ھازىرلانغانىدى.

يېرىم كېچە بولغان بولسىمۇ، مېھمانلار خۇشال - خۇرام ھالدا يېيىش، ئىچىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. تۇيۇقسىز بىر ناتونۇش كىشى باغنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ساھىبخانىغا ماھاننى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ماھان ئىشىك ئالدىغا چىققاندا ناتونۇش كىشى ئۇنىڭغا:

— سىز بۇ قېتىمقى سودىڭىزدا ناھايىتى كۆپ پايدا تاپتىڭىز. مەن شېرىكلىرىڭىزدىن پۇلىڭىزنى ئېلىپ كەلدىم. يۈرۈڭ، پۇللىرىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىڭ، — دېدى.

ماھان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دوستلىرى بىلەنمۇ خوشلاشمايلا، ناتونۇش كىشىنىڭ كەينىدىن يول ئالدى.

ئۇلار ناھايىتى مول يول يۈردى. ئاخىر تاڭ ئاتتى. شۇ چاغدا ماھاننىڭ سەپەردىشى تۇيۇقسىز غايىب بولدى. ماھان ئۇنى ھەر تەرەپتىن ئىزدەپ تاپالمىدى. ماھان ئاخىر ھارغىنلىق ۋە ئاچلىق دەستىدىن يەرگە يىقىلىپلا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ ئويغىنىپ قارىسا، ئادەمزات ئاياغ باسمىغان بىر چۆلدە تۇرغۇدەك. بۇ چاغدا ئۇ بۇ يەرگە قانداق كەلگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەلگەن تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئاستا - ئاستا كەچ كىرىشكە باشلىدى. ماھان قاتتىق ھېرىپ ھالسىزلانغانىدى. ئۇ ئاخىر بىر غارنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە يىقىلدى ۋە ھوشىدىن كەتتى. ئارىدىن بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر جۈپ ئەر - ئايال ماھاننى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنى ئويغىتىپ سورىدى:

— سىز كىم بولىسىز؟ قانداق قىلىپ بۇ جايغا كېلىپ قالدىڭىز؟

— ئىسمىم ماھان. بىر ناتونۇش ئادەم مېنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ، ئۆزى غايىب بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى ماھان.

— ئۇ ئادەم بولسا چۆل دىۋىسى، ئۇ سىزنى ئالداپ بۇ يەرگە ئەكېلىپتۇ. ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، بىزنىڭكىگە بارايلى، — دېدى ئەر ماھانغا قاراپ.

ماھان ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن يول ئالدى.

ماڭا ـ ماڭا تاڭ ئاتتى. ماھان بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپقا نەزەر سالدى. ھېلىقى ئەر ـ ئايال ھېچنەدە كۆرۈنمەيتتى. ماھان يەنە تەنھا قالدى. ئۇ بۇ نۆۋەت ھېچكىمگە گەپ قىلماستىن، شەھەرگە قايتماقچى بولۇپ چىقتى. ئۇ ئەمدىلا مېڭىشىغا ئارقا تەرەپتىن ئاتنىڭ تۇياق تاۋۇشى ئاڭلاندى. ماھان ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئاتلىق بىر كىشىنى كۆردى. ئۇ كىشى ماھاندىن ئىسمىنى سورىغاندىن كېيىن:

— ئەگەر بۇ يەرگە قانداق كەلگەنلىكىڭنى ئېيتمايدىغان بولساڭ، ئۆلتۈرىمەن، — دېدى.

ماھان قورقىنىدىن غال ـ غال تىترىگىنىچە بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى.

— خۇداغا شۈكرى، سىز ئىككى دېۋىنىڭ قولىدىن ئامان قاپسىز. سىزنى باغدىن بۇ چۆلگە ئالداپ ئەكەلگىنى چۆل دېۋىسى بولىدۇ. ھېلىقى ئەر ـ ئايالمۇ باياۋان ئالۋاستىلىرى. ئايالىنىڭ ئىسمى ھەيلان، ئەرنىڭ ئىسمى غەيلان. ئاتقا مىنىڭ، شەھەرگە ئاپىرىپ قوياي، — دېدى ئاتلىق كىشى.

ماھان بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، ئاتقا مىندى. ئۇلار خېلى ماڭغاندىن كېيىن ماھاننىڭ كۆزىگە گۈل ـ گىياھلار بىلەن تولغان چىمەنلىك كۆرۈندى. ئۇ يېقىنراق كېلىپ قاراپ، قورقىنىدىن ئورنىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى بۇ يەر قاپقارا دېۋىلەر بىلەن تولغانىدى، ئۇلار ئېغىزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ تۇراتتى، توختىماي دەھشەتلىك ۋارقىرايتتى. ماھاننىڭ ئېتى ئۈركۈپ ھەر تەرەپكە يۈلقۇناتتى. بىر چاغدا ماھان ئېسىنى يىغىپ مىنگەن ئېتىغا قارىدى، قارىدىيۇ ئاتنىڭ ئورنىدا نەرە تارتىپ، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇۋاتقان يەتتە باشلىق ئەجدىھانىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئەتراپ ئاجايىپ ئىسسىپ كەتكەنىدى. ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

ئاپتاپتا قۇملۇق ئوت كەتكەندەك قىپقىزىل كۆرۈنەتتى. ماھان قورقىنىدىن ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. لېكىن، ھەرقانچە يۈگۈرۈپمۇ بىر مەنزىلگە يېتەلمىدى. ئۇ ھارغىنلىقتا چىدىماي، بىرەر راھەت جاينى تېپىپ، ئازراق ئارام ئېلىشنى ئويلىدى. لېكىن، قۇم شۇنداق قىزىق ئىدىكى، بىچارە ماھان قۇم ئۈستىدە يېتىشقا ئامالسىز قالدى.

ئۇنىڭ كۆزى توساتتىن بىر گەمىگە چۈشتى. ئۇ گەمىگە كىردى. بۇ يەر سالقىن بولۇپ، ئادەمگە راھەت بەخش ئېتەتتى. ئۇ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا يىراقتىن بىر نۇر كۆرۈندى. ماھان ئورنىدىن تۇرۇپ نۇر كۆرۈنگەن تەرەپكە باردى، ئەسلىدە ئۇ يەردە كىچىك بىر تۆشۈك بولۇپ، نۇر شۇ تۆشۈكتىن چىقىۋاتاتتى. ئۇ تۆشۈكتىن سىرتقا قارىغانىدى، كۆزىگە ياپيېشىل بىر باغ كۆرۈندى. ئۇ تۆشۈكنى بارماقلىرى بىلەن ئادەم پاتقۇدەك چوڭايتىپ، باغقا كىردى.

بۇ باغ گۈل ۋە مېۋىلەر بىلەن تولغان بولۇپ، جەننەتتەكلا گۈزەل ئىدى. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى ئاچ قالغاچقا، مېۋىلەرنى يېيىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ماھاننىڭ قۇلىقىغا بىرىنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ بىر كىشىنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەسلىدە بۇ كىشى باغۋەن ئىدى.

بىچارە ماھان قورقۇپ كەتكىنىدىن تىترىگىنىچە باغۋەندىن ئازراق مېۋە يەۋېلىشقا رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈندى. باغۋەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ : «خالىغىنىڭىزچە يەڭ» دېدى. ماھان قورسىقىنى مېۋە بىلەن تويغۇزغاندىن كېيىن، بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى باغۋەنگە سۆزلەپ بەردى.

— سىز ھەرنېمە بولسا دېۋىلەردىن قۇتۇلۇپ بۇ يەرگە كەپسىز، ئەگەر خالىسىڭىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭ. مېنىڭ پەرزەنتىم يوق، سىز ماڭا بالا بولۇڭ. مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن، بۇ باغقا سىز ئىگىدارچىلىق قىلىسىز. لېكىن بىر شەرتىم بار، — دېدى باغۋەن ئېگىز بىر دەرەخنى كۆرسىتىپ، — بۈگۈن كېچىنى ئاشۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە ئۆتكۈزۈڭ. ھەرقانداق نەرسىگە سىنچىلاپ

قارىماق.

ماھان ئۇ شەرتكە قوشۇلۇپ، دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ھېچنېمىگە قارىماي ئولتۇردى.

يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا، ماھاننىڭ كۆزىگە يىراقتىن شام يورۇقى كۆرۈندى. شام يورۇقى بارغانسېرى يېقىنلاپ، دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ماھان پەسكە قاراپ، شام كۆتۈرۈۋالغان چىرايلىق قىزلارنى كۆردى.

قىزلار دەرەخنى چۆرىدەپ سورۇن قۇرۇپ، ماھاننى بەزمىگە تەكلىپ قىلدى. ماھان باغۋەنگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ، دەرەختىن چۈشۈپ قىزلارنىڭ بەزمىسىگە قاتناشتى.

تاڭ ئاتاي دېگەندە، ئۇ ھەممىدىن چىرايلىق قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، بوينىغا گىرە سالدى. لېكىن، ماھان قىزنىڭ يۈزىگە قارىغاندى، ئۇ شۇنداق قورقۇنچلۇق ئالۋاستى كۆرۈندى. ئالۋاستىنىڭ ئاغزى لەھەڭنىڭ ئاغزىدەك يوغان ئىدى. ماھان قورققىنىدىن ۋارقىراپ يەرگە يىقىلدى.



ئۇ تاڭ ئاتقۇچە شۇ يەردە ياتتى. ئويغانغاندىن كېيىن، ئۆزىنى يەنىلا ئاشۇ ئوتتەك ئىسسىق باياۋاندا كۆردى. ئۇ خاپىلىقتىن ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ، زار - زار يىغلاپ، خۇدادىن نىجاتلىق تىلىدى.

ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە خۇداغا ئىبادەت قىلدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدا كۆك كىيىم كىيگەن، ئېگىز بويلۇق، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر كىشى پەيدا بولدى. ماھان مېھرىبان خۇدانىڭ ئۇ كىشىنى ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن:

— سىز كىم بولىسىز؟ نېمە ئۈچۈن بۇ جايغا كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى ماھانغا:

— مەن خىزىر بولىمەن. خۇدا مېنى سىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئەمدى كۆزىڭىزنى يۇمۇپ قولىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، — دېدى.

ماھان ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. بىردەمدىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى ھېلىقى كونى مېھمان بولغان باغدا كۆردى. دوستلىرى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ غەمگە پېتىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار ماھاننى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. ماھان بېشىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى دوستلىرىغا سۆزلەپ بەردى ھەمدە دېۋىلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ ساق - سالامەت قايتىپ

كەلگەنلىكىدىن خۇداغا مىڭ شۈكرى ئېيتتى.

*　　*

ھەپتىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا بىر كۈن قالدى. بەھرام قەھۋە رەڭلىك كىيىم كىيىپ، قەھۋە رەڭلىك گۈمبەزگە باردى. بۇ گۈمبەزنىڭ بانۇسى ـــ چىن پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى «خەير بىلەن شەر» ناملىق ئاجايىپ مەشھۇر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى.

## خەير بىلەن شەر

قەدىمكى زاماندا ئىككى يىگىت شەھەرگە بارماقچى بولۇپ، يول جابدۇقلىرىنى راسلاپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى خەير، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى شەر ئىدى.

ھەر ئىككىيلەن خېلى كۆپ ئوزۇق ـ تۈلۈك ئېلىۋېلىشقانىدى. شەرنىڭ ئىسمىدىنلا ئۇنىڭ ناھايىتى ئەسكى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. سەپەردە ئۇ ئۆزىنىڭ نان ۋە سۇلىرىغا قول تەگكۈزمەي، خەيرنىڭ نېنىنى يەپ، سۈيىنى ئىچتى. شۇنداق قىلىپ خەيرنىڭ نېنى ۋە كوزىسىدىكى سۈيى تۈگەپ، ئوتتەك ئىسسىق باياۋاندا ئاچلىق ۋە تەشنالىقتا قالدى. شەر شەھەرگە ساق ـ سالامەت بېرىۋېلىش ئۈچۈن خەيرگە ئازراقمۇ نان ۋە سۇ بەرمىدى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىق ئازابىدىن خەيرنىڭ مىدىرلىغۇدەكمۇ ھالى قالمىدى. ئۇ شەردىن ئازراق سۇ بېرىشنى شۇنچە ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، شەر ئۇنىمىدى.

شۇنىڭ بىلەن خەير يانچۇقىدىن ئىككى دانە گۆھەرنى چىقىرىپ شەرگە:

ـــ سۇ بار يەرگە يېتىۋالغۇچە سۇ بەرسەڭ، بۇ ئىككى گۆھەرنى ساڭا بېرىمەن، ـــ دېدى.

شەر يەنىلا ئۇنىمىدى. چۈنكى، ئۇ گۆھەرنى ئېلىپ خەيرگە سۇ بەرسەم، شەھەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ ئۇستۇمدىن شىكايەت قىلىپ، گۆھەرلەرنى تارتىۋالىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. شۇڭا خەيرگە:

ـــ مەن ساڭا سۇ بېرىشتىن ئىلگىرى كۆزلىرىڭنى ئويۇۋالىمەن، بۇنىڭغا قوشۇلمىساڭ سۇ بەرمەيمەن، ـــ دېدى.

خەير بۇ گەپنى ئاڭلاپ تولىمۇ بىئارام بولدى. لېكىن، ماقۇل بولۇشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۇسسۇزلۇق دەردىدىن ئۆلەر ھالەتكە يەتكەنىدى. شەر خەيرنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇۋېلىپ، گۆھەرلىرىنىمۇ تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا بىر تامچىمۇ سۇ بەرمەي، ئۇنى ئاشۇ ئوتتەك ئىسسىق باياۋاندا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كەتتى. خەير خۇداغا نالە قىلدى، قاتتىق ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاغرىق ئازابىدىن تېپىرلايتتى. ئۇ يېقىن ئەتراپتا بۇلاق بارلىقىنى بىلمەيتتى.

ئارىدىن بىر مەھەل ئۆتتى. بىر چاغدا شۇ ئەسنادا شۇ يەردىكى بىر مالچىنىڭ قىزى بۇلاقتا سۇ ئالغىلى كېلىپ، كوزىلىرىنى مۇزدەك سوغۇق سۇ بىلەن توشقۇزۇپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە، ئۇنىڭغا بىرىنىڭ نالە قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قىز بۇلاقنىڭ ئەتراپىنى خېلى ئىزدىگەندىن كېيىن، كۆزى توساتتىن قانغا مىلىنىپ ياتقان خەيرگە چۈشتى. قىز خەيرگە يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

ـــ سىزگە نېمە بولدى؟ قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ ـــ دەپ سورىدى.

خەير قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇش بولدى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىگە سۇ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. قىز

كوزىدىن سۇ ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. خەير سۇدىن قانغۇچە ئىچىپ، ۋۇجۇدىغا قايتىدىن جان كىردى. قىز ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. قىزنىڭ ئانىسى ئۇستۇۋېشى قانغا بويالغان خەيرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئىچ ئاغرىتتى، يۈز ـ كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، غىزالاندۇرۇپ، كارىۋاتتا ياتقۇزۇپ قويدى. قىزنىڭ دادىسى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خوتۇنى خەيرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. مالچى ناھايىتى ئىچىنغان ھالدا خەيردىن ئەھۋال سورىدى.

خەير بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مالچىغا سۆزلەپ بەردى. بۇ مېھرىبان مالچى خەيرگە:

— سەن بىر مەزگىل بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغىن. بۇلاق بېشىدا ئىككى شاخلىق بىر تۈپ سەندەل دەرىخى بار. ئۇنىڭ بىر شېخىدىكى يوپۇرماقلىرى بىلەن ئەمانى، يەنە بىر شېخىدىكى يوپۇرماقلىرى بىلەن سارالىڭنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ، — دېدى.

ئەتىسى مالچى بۇلاق بېشىغا بېرىپ، سەندەل يوپۇرمىقى ئەكېلىپ، ئېزىپ دورا تەييارلاپ خەيرنىڭ كۆزىگە سۈركەپ، تېڭىپ قويدى. مالچىنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن خەير قايتىدىن يورۇقلۇققا ئېرىشتى.

ئۇ شەپقەتچىسىدىن بۇ يەردىن كېتىشكە ئىجازەت سورىدى. مالچىنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا يەنە بىرقانچە كۈن تۇرۇشنى ئېيتتى. خەير ئۇلارنىڭ ئۆيىدە يەنە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدى.

مۇشۇ مەزگىللەردە خەير مالچىنىڭ قىزىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭغا ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. خەير ئۇلار بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا مالچى ئىنتايىن خاپا بولغان ھالدا:

— مەن بىر كەمبەغەل مالچىمەن. دۇنيالىقتا مۇشۇ قىزىمدىن باشقا ھېچنېمەم يوق. خالىساڭ ئۇنى شەھەرگە ئېلىپ كېتىپ، ئەمرىڭگە ئالغىن، — دېدى.

خەير بۇ گەپتىن ئىنتايىن خۇشال بولدى ھەمدە قىزنى ئېلىپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار بۇلاق بېشىغا كەلگەندە، خەير سەندەل يوپۇرماقلىرىدىن خېلى كۆپ ئېلىۋالدى. ئۇلار بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، شەھەرگە يېتىپ كەلدى. شەھەردە ھەممە كىشى: «مەلىكە ساراڭ بولۇپ قاپتۇ. ھازىرغىچە ئۇنى ھېچكىم ساقايتالماپتۇ» دېيىشىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن خەير سەندەل دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنى ئېلىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ:

— مەن مەلىكىنىڭ كېسىلىنى ساقايتالايمەن، — دېدى.

پادىشاھ ئۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا:

— ئەگەر قىزىمنى ساقايتالمىساڭ، كاللاڭنى ئالىمەن. ئەگەر مەلىكە قولۇڭدا ساقىيىپ قالسا، قانچىلىك مال ـ دۇنيا ئالىمەن دېسەڭ بېرىمەن، — دېدى ۋە ئۇنى مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگۈزدى. ھۇجرىدا بىر گۈزەل مەلىكە پۇت ـ قوللىرى باغلاقلىق، چىرايى سارغايغان ھالدا ياتاتتى. خەير دەرھال سەندەل يوپۇرمىقىنى ئېزىپ، شەربەت تەييارلاپ مەلىكىگە ئىچكۈزدى. مەلىكە شەربەتنى ئىچىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ شۇ ئۇخلىغانچە ئۈچ كۈندىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ، ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ:

— مەن قەيەردە؟ سىلەر بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ — دېدى.

پادىشاھ قىزىنىڭ ساقايغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشال بولغىنىدىن ئۇنى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىگە سۆيدى، ئارقىدىن خەيرگە چوڭقۇر تەشەككۈر بىلدۈردى ۋە ئەمىرلىرىگە ئۇ قانچىلىك ئالتۇن ـ كۈمۈش

تەلەپ قىلسا، شۇنچىلىك بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. خەير خالتىلىرىنى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن تولدۇرۇپ، ئۆيىگە قايتتى.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ۋەزىرنىڭ قىزىنىڭ قىزىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى، قىزىل تاكى كۆزلىرىگىچە چىقىپ قارىغۇ قىلىپ قويغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. خەير سەندەل دەرىخىنىڭ ئەمانى ساقايتىدىغان يوپۇرماقلىرىنى ئېلىپ، ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە ئۇلارنى ئېزىپ قىزنىڭ كۆزلىرىگە تاڭدى. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ قىزنىڭ كۆزلىرى سەللىمازا ساقايدى. ۋەزىر بۇ ھالدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— سىز مەلىكە بىلەن قىزىمنى ساقايتتىڭىز. مەن پادىشاھ نامىدىن سىزنى مەملىكىتىمىزدىكى بىر شەھەرگە ھاكىم قىلىمەن، قانچىلىك مال ـ دۇنيا لازىم بولسا بېرىمەن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ خەير بىر شەھەرگە ھاكىم بولدى ۋە نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئېرىشتى. ئۇ خوتۇنى بىلەن بەختلىك ياشاۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بازار ئايلىنىۋېتىپ، توساتتىن بىر يەھۇدىي بىلەن سودىلىشىۋاتقان شەرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ غۇلاملىرىغا: «بۇ كىشىنى تۇتۇپ، قەسرىمگە ئېلىپ بېرىڭلار» دېدى. غۇلاملار شەرنى سۆرىگەن پېتى خەيرنىڭ قەسرىگە ئېلىپ كېلىشتى.

خەير شەرنىڭ باش ـ ئايىغىغا بىرقۇر نەزەر سالغاندىن كېيىن:

— مېنى تونۇمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— قۇربانىڭ بولاي، سېنى تونۇمىدىم، — دېدى شەر.

— مەن سەن نامەردلىك قىلىپ، بىر يۇتۇم سۇ ئۈچۈن كۆزلىرىمنى ئويۇۋېلىپ، ئىككى دانە گۆھىرىمنى ئېلىۋېلىپ، سۇسىز باياۋانغا تاشلاپ كەتكەن ھېلىقى سەپەرداشىڭ بولىمەن، — دېدى خەير.

شەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قورققىنىدىن تىترىگىنىچە:

— شۇنداق، مەن ئالدىڭدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزدۈم. سەن ھازىر شەھەرنىڭ ھاكىمى، مېنى ئۆلتۈرۈش تامامەن قولۇڭدىن كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ گۇناھىمدىن ئۆتۈشۈڭنى ئۆتۈنىمەن. مەن شۇنداق ۋەدە بېرەيكى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز باشقىلارغا يامانلىق قىلمايمەن، — دېدى.

خەير ناھايىتى مېھرىبان ۋە ئەپۇچان بولغاچقا، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى ۋە ئۇنى ئۆيىگە يولغا سېلىپ قويدى. ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، خەيرگە شەرنىڭ تىجارەت قىلىش ئۈچۈن، باشقا بىر شەھەرگە كېتىۋاتقاندا، قاقاس بىر چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاك بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى.

شۇنداق قىلىپ خەير ئۆمرىنى خۇشال ـ خۇرام ۋە بەختلىك ئۆتكۈزدى. شەر بولسا قارا كۆڭۈللۈكى تۈپەيلى ۋاقىتسىز ھالاك بولدى.

* *

ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى بەھرام ئۇستىگە ئاق لىباس كىيىپ، ئاق گۈمبەزگە باردى. ئۇ گۈمبەز بانۇسىدىن «تىلسىم قىلىنغان قىز» ناملىق ھېكايىنى ئاڭلىدى.

# تىلسىم قىلىنغان قىز

قەدىمكى زاماندا بىر شەھەردە ئىنتايىن كېلىشكەن ۋە باتۇر بىر يىگىت ياشايتتى. ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى ھەددى ـ ھېسابسىز بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن تولغان چوڭ بىر بېغى بار ئىدى. باغدىكى ئېرىقلاردا سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. دەرەخلەر ئۈستىدە قۇشلار توختىماي سايرىشىپ تۇراتتى. بۇ گۈزەل باغنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ھەشەمەتلىك بىر ئىمارەت سېلىنغان بولۇپ، ئىچىدە چىرايلىق بىر كۆل بار ئىدى. يىگىت ھەمىشە بۇ يەرگە كېلىپ ئارام ئالاتتى.

بىر كۈنى يىگىت سەيلە قىلىش ئۈچۈن باغقا كەلدى. باغنى بىردەم تاماشا قىلغاچ كېلىپ، ئىمارەتنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. لېكىن ئىشىك ئېچىلمىدى. ئەمما ئىچىدىن كىملەرنىڭدۇر پاراڭلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئۇ ئىشىكنى شۇنچە قاققان بولسىمۇ، يەنىلا ھېچقانداق ئىنكاس قايتمىدى. يىگىت بۇنىڭدىن ناھايىتى ئاچچىقلاندى ۋە بىر تۆمۈر بىلەن ئىمارەتنىڭ تېمىنى ئادەم پاتقۇدەك كولاپ، ئىچىگە كىردى.

ئۇ ئاۋاز چىقىۋاتقان تەرەپكە قاراپ كېتىۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بىر قانچە گۈزەل قىزنى كۆرۈپ قالدى. قىزلار ئۇنى ئوغرى ئوخشايدۇ دەپ، ئارغامچا بىلەن پۇت ـ قوللىرىنى مەھكەم باغلاپ، بىر بۇلۇڭغا تاشلىدى ۋە ئۇنىڭغا:

ــ ئەگەر باغنىڭ ئىگىسى سېنىڭ بۇ يەرگە ئوغرىلىقچە كىرگىنىڭنى بىلسە، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى، ــ دېيىشتى.

ــ مەن بۇ باغنىڭ ئىگىسى بولىمەن. ھەر كۈنى ئارام ئېلىش ئۈچۈن بۇ جايغا كېلىمەن، ــ دېدى يىگىت.

قىزلار باغنىڭ بەلگىلىرىنى يىگىتتىن سوراپ، راست ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، پۇت ـ قوللىرىنى بوشىتىپ، ئەپۇ سورىدى. يىگىت ئۇلاردىن:

ــ سىلەر بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ بىز سۇغا چۆمۈلۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنىدۇق، قالغان دوستلىرىمىز ھازىر سىزنىڭ ئاشۇ كۆلىڭىزدە سۇغا چۆمۈلۈۋاتىدۇ، ــ دېيىشتى قىزلار.

ــ ھېچقىسى يوق، ــ دېدى يىگىت كۆلۈمسىرىگىنىچە.

قىزلار يىگىتنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ قويۇشقانلىقىدىن ناھايىتى خىجىل بولغان ھالدا:

ــ بىز ھەممىمىز ياش ۋە چىرايلىق قىزلار. قايسىمىزنى خالىسىڭىز، شۇنى تاللاپ ئەمرىڭىزگە ئېلىڭ، ــ دېيىشتى.

يىگىت كۆل بويىغا باردى. كۆلدە دېگەندەك بىر ـ بىرىدىن شوخ، گۈزەل قىزلار ئۈزۈشۈپ سۇ چېچىشىپ ئويناۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇر ئىسىملىك بىر قىز بولۇپ، ھۆسن ـ جامالدا ھەممىدىن گۈزەل، قەددى ـ قامەتتە ھەممىدىن زىبا ئىدى. يىگىت نۇرنى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى ـ دە، پۇت ـ قوللىرىنى باغلىغان قىزلارغا نۇرنى كۆرسىتىپ:

ــ مەن ئاشۇ گۈزەل قىزغا كۆيۈپ قالدىم. سىلەر مەن ئۈچۈن ئەلچى بولۇشنى خالامسىلەر؟ ــ دېدى.

قىزلار بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن:

— ئۇ قىزنىڭ ئېتى نۇر. كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئۇ ھەممىمىزدىن چىرايلىق. لېكىن سىز ئۇنى ئەمرىڭىزگە ئالالمايسىز، — دېيىشتى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى يىگىت خاپا بولغان ھالدا.

— نۇر تىلسىم قىلىنغان. كىمكى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن دەيدىكەن، ئاۋۋال ئۇنى تىلسىمدىن قۇتۇلدۇرۇشى كېرەك. لېكىن، بۇ ئىنتايىن قىيىن، چۈنكى، جادۇگەر موماي ئۇنىڭ سىرىنى ھېچكىمگە ئېيتىپ بەرمەيدۇ، — دېيىشتى قىزلار. يىگىت بۇنىڭدىن ناھايىتى خاپا بولدى ۋە دېدى:

— مەن قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن. سىلەر ئۇنى ھۇجرامغا ئېلىپ كىرىڭلار.

قىزلار نۇرنى يىگىتنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى. يىگىت ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن:

— مەن سىزنى ئەمرىمگە ئالماقچى، كېلىڭ، يېنىمدا ئولتۇرۇڭ. بىر دەم سىردىشايلى، — دېدى.

نۇر يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئازابلانغان ھالدا:

— مەنمۇ سىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئەمما سىز بىلەن توي قىلالمايمەن، چۈنكى جادۇگەر موماي مېنى تىلسىم قىلىپ قويغان، — دىدى.

— جادۇگەر موماي نېمىشقا سىزگە شۇنداق ئەسكىلىك قىلدى؟

— مەن ئۇنىڭ كۆرۈمسىز قارىغۇ ئوغلىغا تېگىشنى خالىمىغانىدىم، — دېدى نۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، — بولدى، مەن كېتەي. بۇ يەردە تۇرسام بىرەر يامان ئەھۋال يۈز بېرىشى مۇمكىن.

يىگىت قىزنىڭ قولىنى تۇتۇشقا تۇساتتىن قۇلاقنى يارغۇدەك دەھشەتلىك ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئۆينىڭ تاملىرى يېرىلىپ، تورۇسى چۈشۈپ كەتتى. يىگىت بىلەن قىز قورققىنىدىن ۋارقىراپ تالاغا قاچتى.

ئەتىسى يىگىت باغقا كېلىپ ئىمارەت ئىچىگە كىردى ۋە قىزلارغا:

— نۇرنى يېنىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى.

قىزلار نۇرنى ئېلىپ كېلىشتى.

يىگىت ئۇنىڭغا يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشنى ئېيتتى. لېكىن قىز:

— مەن تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاش ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىپ، ئىككىمىزگە بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قېلىشىدىن قورقىمەن، — دېدى.

دەل شۇ چاغدا، بەتبەشىرە بىر مەخلۇق پەيدا بولدى ـ دە، نەرە تارتقىنىچە ئۇلارغا ئېتىلدى. ئۇلار قورققىنىدىن ئۆيدىن قېچىپ چىقتى.

قىزلار يىگىتنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ:

— نۇر جادۇ قىلىنغان، سىز سېھىر ـ جادۇ بىكار قىلىنمىغىچە ئۇنىڭغا قول تەگكۈزەلمەيسىز، — دېيىشتى.

يىگىت شەھەر ئەتراپىدىكى تاغقا بېرىپ جادۇگەر مومايىنى تاپالماسلىقىدىن ئەنسىرەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇردىن بىردەممۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. شۇڭا، جادۇگەر مومايىنىڭ قېشىغا بېرىشنى خالىمىدى.

ئەتىسى ئۇ يەنە نۇر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز تۇرۇستىن ئىككى زەھەرلىك يىلان چۈشۈپ، ئۇلارغا خىرىس قىلدى. ئۇلار چەبدەسلىك بىلەن يىلاننىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالدى. ئاخىر يىگىت مۇشكۇلگە تەۋەككۇل قىلىپ، تاغقا بېرىپ جادۇگەر مومايىنى تېپىش قارارىغا كەلدى ۋە يول ھازىرلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ يولغا چىقتى. ئۇ بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، ئاخىر تاغقا يېتىپ كەلدى ۋە بەللىرى مۈكچەيگەن، چاچلىرى ئۈچتەك ئاقارغان جادۇگەر مومايىنى مىڭ تەستە تېپىپ، ئۇنىڭدىن



نۇرنى تىلسىمدىن ئازاد قىلىشنى ئۆتۈندى. لېكىن جادۇگەر موماي:

— مەن نۇر ئوغلۇم بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلغان كۈنى ئاندىن ئۇنى تىلسىمدىن ئازاد قىلىمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى.

يىگىت مومايىنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ زار ـ زار يىغلىدى. ئاخىر موماي يىگىتنىڭ يىغىسىغا چىدىماي:

— ئەي يىگىت، بولدى يىغلىما! يىغاڭ يۈرەك ـ باغرىمنى ئەزدى. سەن نۇرغا ھەقىقىي ئاشىق ئوخشايسەن. ئۇنى تىلسىمدىن بوشاتسام بوشىتاي، لېكىن سەن بايلىقىڭنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ ئەما ئوغلۇمغا بېرىشىڭ شەرت، — دېدى.

يىگىت شەرتنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە بۇ خۇش خەۋەرنى نۇرغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈچقاندەك تېزلىكتە بېغىغا قايتىپ كەلدى. لېكىن، باغدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ بۇنىڭدىن جادۇگەر مومايىنىڭ ئۆزىنىڭ پۈتۈن مال ـ دۇنياسىنى تىلسىم قىلىپ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر تەرەپكە چېپىپ، نۇرنى بىر ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدىن تاپتى ـ دە، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەي رەنا، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، مەن جادۇگەر مومايىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن سىزگە قىلىنغان تىلسىمنى بىكار قىلىشنى ۋە ئىككىمىزنىڭ توي قىلىشىغا يول قويۇشنى ئۆتۈندۈم. ئۇ پۈتۈن مال ـ مۈلكۈم بەدىلىگە سىزنى جادۇدىن ئازاد قىلدى. ئەمدى ئىككىمىز توي قىلالايدىغان بولدۇق، — دېدى. نۇر ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇردى.

يىگىت نۇرنى دادىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا بارىدىغان ھېچقانداق يېرى قالمىغانىدى. دادىسى كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى مەقسەتلىرىگە يەتكۈزدى.

يىگىت گۈزەل قىز نۇر بىلەن خۇشال ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈردى ۋە ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، يەنە نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئىگە بولدى.

(تەرجىمان تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە)



# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇقادىر سادىر

## ئاق يورغا ـ قارا يورغا
( ئات ۋاستە قىلىنغان قوشاقلار )

ئېتىم جەدە، ئېتىم جەدە،
ئېتىمنىڭ قۇيرۇقى يەردە.
ئەجەب بىر زامان بولدى،
كۆڭۈل ئۆسمەيدۇ بۇ شەدە.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
ئېگەر بىلەن تەرلىكتە.
دەل ۋاقتىدا چىققايسەن،
يار ئەتە سەھەرلىكتە.

ئات بېشىدا ئارغامچى،
ماڭمىسا ئۇراي قامچى.
مەن يارنى سېغىنغاندا،
يارنىڭ يوللىرى قانچى.

قارغىلىقتىن ئات ئېلىپ،
مىنىپ كەلدىم يۈگەنسىز.
كۆيگىنىمنى بالىخان،
چىرايىمدىن بىلگەنسىز.

ئاتقا مىندىم ئېگەرسىز،
نوختا بىلەن يۈگەنسىز.
مەن سىزگە تولا كۆيدۈم،
كۆزلىرىمدىن بىلگەنسىز.

ئېتىم بار، ئېگەرىم يوق،
يۈرەكىم بار، جىگەرىم يوق.
جىمى ئەل گۇۋاھ بولسۇن،
سېنىڭدىن باشقا يارىم يوق.

ئاق ئات يۈگۈرۈك دەيدۇ،
ئاق بوز ئاتقا يەتمەيدۇ.
خەق يارىنى داملايدۇ،
بىزنىڭ يارغا يەتمەيدۇ.

ئات ئېغىلدا كىشنەيدۇ،
بېدە يەمدۇ، سامانمۇ؟
خەق ئوينىسا ھېچ گەپ يوق،
بىز ئوينىساق يامانمۇ؟

ئېتىم ئالدىدا كەتتى،
قامچام يانىدا كەتتى.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
يۈرەكلەرگە ئوت كەتتى.

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم،

كۆرۈنگەن قارا تۈزگە.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
بىزنىڭ يار قارا كۆزگە.

ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ
ئاق بوز ئاتنىڭ تۇمارى.
ئۆتتۈۋالدى يۈرەكتىن
سەن يارىمنىڭ خۇمارى.

ئاق يورغا، قارا يورغا،
يارنىڭ مىنگىنى تورغا.
يارنى كەلگۈدەك دەيدۇ،
چىقىپ تۇراي چوڭ يولغا.

تاغقا چىقتىم ئات بىلەن،
يېنىپ چۈشتۈم پىيادە.
كۆڭۈل بەرگەن شۇ يارىم
قىزىلگۈلدىن زىيادە.

ئاتنى يېتىلەپ ماڭدىم
چىغىر يولدىن پىيادە.
كۆرۈشەرمىز يار بىلەن،
بىزگە بولسا ئىرادە.

كېچىلەردە يول يۈرسە،
شامال يەتمەس ئېتىم بار.
خۇمار كۆزگە ساقلىغان
يۈرىكىمدە گېپىم بار.

ئېقىن بويى ئۈزۈن ساي،
باراي دېسەم ئېتىم تاي.
بىر يىل دېگەن ئون ئىككى ئاي،
پىراقىڭغا نە چىداي؟

ئاتقا بېدە سەپ بەرسەم،
يارغا دوپپا ئەپ بەرسەم.
يۈرەكتىكى دەردىمنى
نىگار كەلسە دەپ بەرسەم.

توقايلىقتا ئوتلايدۇ
توقۇپ قويغان ئارغىماق.
ئېغىر ئىكەن شۇنچىمۇ
سۆيگەن ياردىن ئايرىلماق.

ئاتنىڭ بالىسى تايچاق
تالنىڭ ئۇچىنى يەيدۇ.
مېنىڭ يارىم خۇمار كۆز،
يۈرەكنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

ئېتىم چاپىدۇ چۆلگە،
موللاق ئاتىدۇ كۆلگە.
ئوتكۈز يامان ئىكەن،
مەيدەمنى ياقاي ھۆلگە.

ئېتىمنى مىنىپ كېلىپ،
باغلاپ قويدۇم تېرەككە.
بىزنىڭ يارنىڭ كۆزلىرى
ئوت ياقىدۇ يۈرەككە.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
ئاتقا مىنگۈدەك بولدۇم.
ئوتلىرى يامان ئىكەن،
كۆيۈپ ئۆلگۈدەك بولدۇم.

ئېتىم يوق دېگەن بولساڭ،
مەن ئېتىمنى ساتمايتتىم.
يارىم يوق دېگەن بولساڭ،
سەندىن ھەرگىز قاچمايتتىم.

ئېتىم تىزگىن سىيرىدۇ
داۋانپدىن قايرىلغىلى.
بىر ئايدەك بولۇپ قالدى،
مەن ياردىن ئايرىلغىلى.

ئېتىم بولسا ئاللادىن،
جابدۇقلىرى تىللادىن.
خۇدا بىزگە بەرمەپتۇ
يۈزى ئايدەك قىزلاردىن.

مەن ئېتىمنى چاپتۇردۇم
تۈپىسى يوق غىلاڭ سايغا.
سۆيگەن يارلار ئوخشايدۇ
كۆكتىكى تولۇن ئايغا.

ئات باقارىم بار مېنىڭ،
ئاتلىرىمغا قارايدۇ.
ئىشەنمەڭلار چوكانغا،
ئۇنىڭ نازى بار دەيدۇ.

ئات مىندىم دېگەنبىلەن،
قامچا بولمىسا بىكار.
يار تۇتتۇم دېگەنبىلەن،
يانىدا بولمىسا بىكار.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
كەڭقىرغا بارارمەن دەپ.
بىر قىزنى كۆرۈپ قويدۇم،
چوڭ بولسا ئالارمەن دەپ.

بىر ياخشى ئېتىم بولسا،
كىيىك ئوۋلىسام دەيمەن.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
سۆيۈپ تويمىسام دەيمەن.

كارۋان كەتتى سەپەرگە،
ئاتلىرىنى تاقىلاپ.
يارىم كېلەر كېچىدە،
تام تۈۋىنى ياقىلاپ.

يارىمنىڭ مىنگەن ئېتى،
كۆندۈرمىگەن تاي ئىكەن.
پەرىزاتكەن دەپ يۈرسەم،
ئەسلىي پاتقاق، لاي ئىكەن.

ئالا ئاتنىڭ بالىسى،
سۆڭگىچىدە قارىسى.
سورىسىلا ئەسلىمنى،
ئۆزۈم گۈما بالىسى.

ئورۇق ئاتنى مىنمەڭلار،
ئۈزەڭگۈسى لەپشىيدۇ.
يېڭى يارنى سۆيگەندە،
دۈشمەن گۈيلار كاپشىيدۇ.

ئاتلىرىم ئۈزۈپ يەيدۇ
سازلىقنىڭ شۇۋىرىنى.
كىم كېلىپ ماڭا دەيدۇ
يارىمنىڭ خەۋىرىنى؟

ئات مىنسەكمۇ ئوينايمىز،
مىنمىسەكمۇ ئوينايمىز.
تېپىشقاندا يار بىلەن،
مۇڭدىشىپ تويۇشمايمىز.

ئېتىمنى سۇغارمايمەن
لەڭزە باشىدا كۆلدە.
يار ئىشقىدا مەن سەرسان،
ئۆلۈكۈم قالىدۇ چۆلدە.

## ئىشقىڭ ئۆتتى جېنىمدىن

يۇرتنىڭ چۆگىسى سايلىق،
تاشى بار، توپاسى يوق.
بۇ كەمدىكى قىزلارنىڭ،
نازى بار، ۋاپاسى يوق.

ئۆيىڭىزنىڭ يانىدا
چىڭگىلىكنىڭ سايىسى.
نادانغا كۆڭۈل بەرگەن
مەن ئۆزۈمنىڭ جاجىسى.

يارنىڭ ئۆيى خاماندا،
ئوت قالايدۇ ساماندا.
بىزنى يامان دېگەنلەر
ئەمدى قاپتۇ ئارماندا.

بىر چۆنەكتە گۈل ئۆسۈپتۇ،
بىر چۆنەكتە يۆگىمەچ.
يۆگىمەچتەك قۇرۇپ قالدىم،
سىز يارىمنى كۆرمىگەچ.

كۈن قايرىلىپ كەچ بولدى،
ئاي قايرىلىپ پەس بولدى.
ئارىمىز يىراق بولغاچ،
كۆرۈشمەكلەر تەس بولدى.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا
ئۆيگە ياقتىم جىنچىراق.
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس،
يارنىڭ يوللىرى يىراق.

ئوتىمىزنى ئاچمىسىلا،
چوغىمىزنى چاچمىسىلا.
كۆيۈپ كەتتى بۇ يۈرەك،
ئەمدى بىزدىن قاچمىسىلا.

گۈل تۈۋىدە ئولتۇرسام،
بۇلبۇل قوندى بېشىمغا.
يارنىڭ ئىشقىدا يىغلاپ،
قوينۇم تولدى يېشىمغا.

يارىم ئۆتتى يانىمدىن،
ئىشقى ئۆتتى جانىمدىن.
كېچىپ كېتەي يار ئۈچۈن،
ئىلكىمدىكى بارىمدىن.

قوشتاغ يولىدا تەسكەن،
مەن تارتىپ بولالمايمەن.
ئوتىڭىز يامان يارىم،
تولغىنىپ ياتالمايمەن.

سۇغا باردىم كۆلۈڭگە،
كۆيۈپ قالدىم كۆزۈڭگە.
يۈرەكتىكى گېپىمنى
ئېيتالمىدىم ئۆزۈڭگە.

سازلىقتا ئۈچۈپ يۈرگەن
ئۆردەكمىكىن، غازمىكىن؟
يېرىپ باققىن يۈرەكنى،
كۆيۈك دەردىم ئازمىكىن؟

سەھرا يولى بوخۇناق،
ئارغامچىدا توخۇناق.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن
خۇمار كۆزلۈك يۇملاق.

ئاقچى قوغۇن ئاق پىلەك،
كۆكچى قوغۇن كۆك پىلەك.
يار تۇتمىدىم شۇ چاغقا،
جان خېنىم سەندىن بۆلەك.

ئاقچى قوغۇن ئاق ناۋات،
كۆكچى قوغۇن كۆك ناۋات.
يارغا كۆيگەن زېدە بار
يۈرىكىمدە قاتمۇ قات.

ئۆستەڭ بويىدا كاتۇ،
جان يارىم ئاران ئاتۇ.
كۆيۈك ئوتلارى يامان،
جانىمغا ئىكەن ساتۇ.

سۆزۈك سۈنى لاي قىلغان
خان كۆۋرۈكنىڭ توپىسى.
چوكانلارنى ئۇز قىلغان
ئەڭلىك بىلەن ئۇپىسى.

(توپلاپ رەتلىگۈچى گۇما ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدە)




توپلاپ رەتلىگۈچى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر

## ئاناڭدىن ئېلىپ بەرمەمدىمەن

بىر كۈنى سەلەي چاققاننىڭ ئوغلى تاماكا سېتىۋېلىش ئۈچۈن خوتۇنىدىن ئون سوم سوراپتۇ. خوتۇنى بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. بۇنى كۆرگەن سەلەي چاققان ئوغلىنى چاقىرىپ:

— بالام، شۇ بەستىڭ بىلەن خوتۇنۇڭدىن پۇل سوراشتىن نومۇس قىلمامسەن؟ بولدى سورىما، ئاخشاملىققا مەن بېرەي، — دەپتۇ.

— دادا، ئاخشاملىققا بەرگۈچە هازىرلا بېرىۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپتۇ ئوغلى.

— ۋاي بالام، مەندە هازىر نەدىمۇ پۇل بولسۇن؟ ئاناڭ ئازنا قىلىپ كەتكەن، ئاخشاملىققا قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭدىن ئېلىپ بەرمەمدىمەن؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## بىكار يۈردى دەمسەن

يامانيار دەرياسىغا كۆۋرۈك سېلىش جەريانىدا يۇرت بېگى: «بىر تال ياغاچ - تاشقىمۇ خىيانەت قىلمايمەن» دەپ قەسەم قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئاچ كۆزلۈكى تۇپەيلى خەقنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، نۇرغۇن مال - مۈلۈك يىغىۋاپتۇ. جامائەت بۇنىڭدىن نارازى بوپتۇ. بىر كۈنى دەرياغا سەل كەپتۇ. يۇرت بېگى قىلغان قەسىمىنى يادىغا ئېلىپ، تەڭرىگە ئىلتىجا قىپتۇ:

— ئاھ خۇدا، كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگىنىم راست، بۇ ئىشلارنى ھەممىدىن بۇرۇن ھېلىقى سەلەي چاققان بىلىپ قالدى. يۇرت خەلقىمۇ نارازى. بۇ يۇرتتىكى بىكار يۈرگەن شۇنچە كۆپ بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، مېنىڭ گۇناھىمنى كەچۈرۈۋەتكەن بولساڭ.

— كىم بىگۇناھكەن؟ — دەپتۇ دەريا بويىدا تۇرغان سەلەي چاققان، — سەن مېنى نەچچە يىلدىن بېرى بىكار يۈردى دەمسەن؟ مەن بۇ كۆۋرۈكنى ياساش ئۈچۈن قانچىلىغان ئادەملەرنى يىغمىدىم - ھە! مېنىڭ تارتقان جاپايىم ئازمۇ؟

## ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىلىكىنى كۆرمەپتىمەن

بىر كۈنى سەلەي چاققان ئېشىكىگە مىنىپ، «قىت - چۇ» دېگىنىچە شەھەرگە كىرىپ، ئۇدۇل ھېيتگاھقا بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شەھەر ھاكىمى:

— ھەي سەھرالىق پوجاڭ تۇماق، ئېشەككە مىنىپ ھېيتگاھقا بارغان نەدە بار، ئېسىپ قويغان ئاۋۇ تاختىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پوجاڭ تۇماق دېمىسىلە ھاكىم بېگىم، تۇمىقىم باشلىرىدىكى سۆسەر تۇماق بىلەن بىر يۇرتتىن، — دەپتۇ سەلەي چاققان ھېچ ئىش بولمىغاندەك، — تاختىنى كۆردۈم، بىراق

ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىلىكىنى كۆرمەي قاپتىمەن.

## تۇغمەن چۆرۈيدۇ

يۇرتتا ئۇن تارتىش ناھايىتى قىيىن بولۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۇرت ئاقساقىلى سەلەي چاققانىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپتۇ:

— سەلەيئاخۇن، يۇرتىمىزدىكى بەزىلەر ئۇستىمىزدىن غەيۋەت قىلىپلا يۈرىدۇ. سەن خېلى ئەقىللىق، قېنى ئېيتىپ باقە، سېنىڭ بۇنىڭغا قانداق ياخشى تەدبىرىڭ بار؟

— تەدبىر تېپىلىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئەڭ ياخشىسى، ئەرلەرنى ئۇستەڭنىڭ بۇ يېقىغا، ئاياللارنى ئۇستەڭنىڭ ئۇ يېقىغا ئاپىرىۋېتىش كېرەك.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپ ھەيران قاپتۇ ئاقساقال، — ئۇلار ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— نېمە قىلاتتى؟ تۇغمەن چۆرۈيدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## ياراتمىغان ئوخشايدۇ

بىر كۈنى بىر بايۋەچچە سەلەي چاققاننىڭ يولىنى توسۇپ، ئاچچىقلانغان ھالدا:

— سەلەيكا، سىز ماڭا يارىماس ئىتتىن بىرنى ئەكېلىپ بېرىپسىز. تۈنۈگۈن كەچتە ئۆيۈمگە ئوغرى كىرىپ، 500 تەڭگە پۇلۇمنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىت ھەتتا قاۋاپمۇ قويماپتۇ، — دەپتۇ.

— بايۋەچچە، خاپا بولمىسىلا، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بۇ ئىتنىڭ بۇرۇنقى ئىگىسى بىر كاتتا باي ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۇنچىلىك پۇلنى ياراتمىغان ئوخشايدۇ.

## سېتىۋەتتىم

ئوپالدا بىر چوڭ قورۇق ئىگىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئادەملەر كۆپ جايدا ئۆز قورۇقىنىڭ چوڭلۇقىنى ماختاپ:

— ئەگەر ئات بىلەن قورۇقنى ئايلىنىپ چىقماقچى بولسام، ئەتىگەندىن بىر ھەپتە ۋاقىت كېتىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سەلەي چاققان دەرھال:

— شۇنداقمۇ تەقسىر، ئىلگىرى مەنمۇ ئاشۇنداق قاشاڭ ئاتتىن بىرنى سېتىۋالغان، كېيىن سېتىۋەتتىم، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قورۇق ئىگىسىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

## مۆجىزە

خەلپىتىم تالىپلارغا «مۆجىزە» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ، بىر مىسال كەلتۈرۈپتۇ:

— ساۋاقداشلار، ئەگەر بىر كىشى ھېيتگاھ مۇنارىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، زەخىملەنمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا بىز بۇنى نېمە دەيمىز؟

— بىخەستەلىكتىن دەيمىز.

— كاللىسى جايىدا بولمىغانلىقتىن دەيمىز.

بۇ جاۋابلاردىن قانائەتلەنمىگەن سەلەي چاققان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇنى ئۇنىڭ تەلىيىدىن دەيمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

## ئېقىپ كەتتى

سەلەي چاققان كىچىك ۋاقتىدا ناھايىتى كەپسىز ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— ئانا، مەن بايا ئۇستەڭ بويىدا بىر باغلام بېدىنى پۇتۇمدا بىر تېپىپ ئۇستەڭگە چۈشۈرۈۋەتتىم، — دەپتۇ.

— ۋاي بالام، ھېچقىسى يوق، بېدە دېگەننى يەنە ئورۇغىلى بولىدۇ.

— ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — قوشنىمىزنىڭ قويى بېدە يەۋاتقانىكەن. ئۇمۇ بېدە بىلەن تەڭلا ئۇستەڭگە

چۈشۈپ كەتتى.
— ئاپلا، — دەپتۇ ئانىسى.

## نوغۇچ بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى

سەلەي چاققاننىڭ ئاكىسى ياقا يۇرتتىن قايتىپ كېلىپ قارىسا، سەلەي چاققان پېشانىسىنى تېڭىۋالغانىكەن.
— ئۇكام، پېشانەڭگە نېمە بولدى؟ تېڭىۋاپسەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاكىسى.
— تونۇگۈن ھويلىدا ھەرە چېقىۋالدى.
— بەللى ئۇكام، ھەرە چېقىۋالغۇچە تۇيمىدىڭمۇ؟
— مەن تۇيۇپ بولغۇچە خوتۇنۇم ئۇنى نوغۇچ بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## تارتىۋالمىغانغا شۈكۈر قىل

سەلەي چاققان خوتۇنى بىلەن بىر مېھماندارچىلىقتىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، خوتۇنى ئۇنىڭغا ساھىبخانىنى دادلاپ بېرىپتۇ:
— كۆردىلىمۇ دادىسى، بۈگۈن بىزنى مېھمانغا چاقىرغانلار نېمىدېگەن پىخسىق، بىزنى ئۇزىتىپ چىققاندا، ھەممىسى قولۇمدىكى سومكىلارغا قارىشىپ قالدى.
— سومكىدا نېمە بار ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان.
— داستىخاندىن ئېلىۋالغان قەنت — گېزەكتىن باشقا نېمە بولاتتى؟ — دەپتۇ خوتۇنى.
— ئاپلا، ئۆزۈڭدىن ئۆتۈپتۇ خوتۇن، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — تارتىۋالمىغانغا شۈكۈر قىل!

## ئېتىمنى بولسىمۇ باغلاپ قوياي

سەلەي چاققاننىڭ بىر ئاغىنىسى بولۇپ، ناھايىتى يۇرتۋاز ئىكەن. ئۇ قىزىنىڭ تويىنى قىلغان كۈنى سەلەي چاققان ھەممىدىن كېيىن كەپتۇ — دە، تۆردىكى بوش ئورۇنغا قوزۇق قېقىشقا باشلاپتۇ.
— بۇرادەر، قىزىق توي بولۇۋاتسا، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ تېرىكىپتۇ ئاغىنىسى.
— سىزنى ئوغلىنىڭ تويىدىكىدەك، يۇرتلۇقنى تاپالماي، كونا كېسەلى قوزغىلىپ قالمىسىدى دەپ ئەنسىرەيمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ھېچبولمىغاندا، سىلەرنىڭ يۇرتتىن ئالغان يورغا ئېتىمنى بولسىمۇ باغلاپ قوياي دېگەنىدىم.

## تاغقا كېيىك چىقتى

سەلەي چاققان بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە تويغا بېرىپتۇ. تويغا يۇرت بېگىمۇ كەلگەنىكەن. تاماق تارتىلغاندىن كېيىن، سەلەي چاققاننىڭ بۇرۇتىغا بىر تال گۈرۈچ چاپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن يۇرت بېگى ئۇنى:
— ھە، سەلەيئاخۇن تاغقا كېيىك چىقتىمۇ، قانداق؟ — دەپ مەسخىرە قىپتۇ. بەگنىڭ بۇرنىدىن سۇ ئېقىپ قاپتىكەن، بۇنى كۆرگەن سەلەي چاققان دەرھال:
— دۇرۇس بېگىم، كاماردىن سوغۇر چىققاندى، ئۈركۈگەن كېيىك تاغقا چىقىپ كەتتى، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، داستىخاندىكى ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

## سامسا يېگۈسى بار ئىكەن

سەلەي چاققان مەكتەپتىن كۆزىنى كۆكەرتىپ قايتىپ كەلگەنىكەن، ئانىسى بۇنىڭ نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ.
— ئادىشىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان جاۋاپ بېرىپ.
— ئەتە بىرنەچچە تال سامسا ئېلىپ بېرەي، ئادىشىڭغا ئالغاچ بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغىن، بولامدۇ؟ — دەپتۇ ئانىسى كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا.
— ماقول.

ئەتىسى سەلەي چاقچان يەنە بىر كۆزىنىمۇ كۆكەرتىپ قايتىپ كەپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم، — دەپتۇ ئانىسى ئۇنىڭ ئۇچكەن ھالدا، — بۈگۈن يەنە كىم ئۇردى؟

— سىز بەرگەن سامسا يەتمىگەنىدى، يەنە بىرى ئۇردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سامسا يېگۈسى بار ئىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچان ئانىسىغا چۈشەندۈرۈپ.

## ئەكس سادا

ئۇزۇن يىل چىشى ئاغرىغان بىرى تېۋىپلىق قىلىۋاتقان سەلەي چاقچانغا كۆرۈنۈپتۇ. سەلەي چاقچان بىمارنىڭ چىشىنى تەكشۈرۈۋېتىپ ھەيران بولغان ھالدا:

— چىشىڭىزنىڭ ئارىلىقىدا كاۋاك بار ئىكەن، بۇ كاۋاك نېمىدېگەن چوڭ، نېمىدېگەن چوڭ، — دەۋېرىپتۇ.

— سەلەيكا، بىر گەپنى تەكرارلاۋېرەمسىز؟ — دەپتۇ بىمار ئاچچىقلىنىپ.

— مەن تەكرارلاۋەرگىنىم يوق، — دەپتۇ سەلەي چاقچان، — بۇ چىشىڭىزنىڭ كاۋىكىدىن چىقىۋاتقان ئەكس سادا ئوخشايدۇ.

## نېمشقا بىكارغا ئاڭلاتقۇدەكمەن

بازاردا گىلەم سېتىۋاتقان بىرنەچچە پىخسىق سودىگەر بىر يەرگە جەم بوپتۇ. ئۇلار ئارىسىدا سەلەي چاقچانمۇ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر چىڭلىق پىخسىقلىقى توغرىسىدا سۆزلەشكىلى تۇرۇپتۇ. پەقەت سەلەي چاقچانلا ئۇلاردىن بىزار بولۇپ، گەپ قىلماي ئولتۇرۇپتۇ. شۇ پەيتتە چوڭراق بىرى سەلەي چاقچاندىن:

— سەلەيئاخۇن، ھەممىمىز گەپ قىلدۇق، سىز نېمشقا ئۆزىڭىزنىڭ ئىش - ئوقەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سۆزلىگۈدەك گەپ يوق، — دەپتۇ سەلەي چاقچان ھېلىقى كىشىگە مەنىلىك قاراپ، — مەن ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىنى نېمشقا باشقىلارغا بىكارغا ئاڭلاتقۇدەكمەن؟

## چاچ ياستىش

سەلەي چاقچان ساتىراشلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۇرت بېگى چاچ - ساقىلىنى ياستىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سوراپتۇ:

— ھەي سەلەي چاقچان، ساقال - بۇرۇتنى ئېلىپ، چاچ ياسىسىڭىز قانچە پۇل ئالىسىز؟

— ئون سوم ئالىمەن

— نېمانچە قىممەت؟ مېنىڭ چاچ - ساقاللىرىم بەك شالاڭ، ھېچقانچە ئىش كەتمەيدۇ، — دەپتۇ يۇرت بېگى.

— ئەلۋەتتە بىلىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاقچان، — ئون سومنىڭ ئۈچ سومى چاچ ئېلىش ھەققى، قالغان يەتتە سومى بولسا ئاشۇ يوق چاچلىرىڭىزنى تېپىش ھەققى. ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ھە؟... — يۇرت بېگى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ.

## ئەستىرى كونا بولغاندىكىن

سەلەي چاقچان خوتەندە زىيارەتتە بولۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاغرىپ قېلىپ، يول ماڭسا قىينىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئاخىر بىر تېۋىپقا كۆرۈنۈپ:

— تەقسىر، سالامەتلىكىم تازا ياخشى ئەمەستەك تۇرىدۇ، نېمە كېسەل بولغاندىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سېرىق ئېتىڭىز يىرتىلىپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ تېۋىپ تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن.

— شۇڭا يول ماڭسام قىينالغانىكەنمەن - دە، — دەپتۇ سەلەي چاقچان، — يىرتىلسىمۇ يىرتىلغاندۇ، ئەستىرى كونا بولغاندىكىن.

## تاشپاقىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن

سەلەي چاقچان ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ ھەسرەت چەككەن ھالدا:

— ھەي خوتۇن، سالامەتلىكىم تازا ياخشى بولمايۋاتىدۇ، بۇ نېمە گەپتۇ؟ — دەپتۇ.

— ھوي دادىسى، — دەپتۇ خوتۇنى، — دالا

ئىتى يىگىرمە يىل ياشايدىكەن، ئۆي ئىتى سەككىز يىل ئۆمۈر كۆرىدىكەن. ھاياتلىق ھەرىكەتتە ئەمەسمۇ؟ يېقىندىن بۇيان ھەرىكەت قىلمايدىغان بولۇۋالدىڭلار.كىم سىلىنى كۈن بويى ھەرىكەت قىلماي تاشپاقىدەك تۈگۈلۈۋالسۇن دەپتۇ؟

— ۋاي خوتۇن، سىلى يېڭىلدىڭلار، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— قانداقسىگە يېڭىلدىم؟ — دەپتۇ خوتۇنى ھەيران بولۇپ.

— ماڭا قاراڭلار، يېڭىلگەنگە تەن بېرىڭلار، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — تاشپاقىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ تاشپاقىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، بەش يۈز يىل ياشايدۇ.

## ئىت تالاشتۇرغاننى كۆرگۈڭىز بارمىدى

بىر كۈنى سەلەي چاققان شەھەرگە كىرىپ، بىر پىخسىق باينىڭ مېھمانسارىيىدا قونماقچى بوپتۇ. بۇ سارايدىن پېقىر - مىسكىنلەر ناھايىتى نارازى ئىكەن. بىرىيلەن توساتتىن:

— بۇرادەرلەر، بۇ يەردە قونماڭلار، تۈنۈگۈن كەچتە مەن بۇ مېھمانسارايدا بىر توپ چاشقانلارنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالغان باي:

— ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭلار، ياتىقىم ئەرزان، — دەپتۇ ئۇڭايسىزلىنىپ. باينى بىر بابلاشنى ئويلاپ تۇرغان سەلەي چاققان:

— بېگىمنىڭ مەقسىتى پۇل تېپىش. بۇ ئەرزان باھالىق ياتاقتا چاشقانلارنىڭ ئۇرۇشقانلىقىنى كۆرمەي ئىت تالاشتۇرغاننى كۆرگۈڭىز بارمىدى؟ — دەپتۇ مەنىلىك قىلىپ.

## قايسىسى

يۇرت بەگلىرى سەلەي چاققاننى تۆھمەت چاپلاپ، تۈرمىگە سولىتىپتۇ. بىر كۈنى گۈندىپاي ئۇنىڭغا:

— سەلەيئاخۇن، خوتۇنۇڭ سېنى يوقلاپ كەپتۇ، ئەكەلگەن نەرسە - كېرەكلىرىڭنى ئېلىۋال، — دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ.

— قايسىسى كەپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان.

— نېمە؟ قايسىسى كەپتۇ دەپ سورايسەنغۇ؟ سەن سولتەكنىڭ نەچچە خوتۇنۇڭ بار ئىدى؟ — دەپ تۇۋلاپتۇ گۈندىپاي.

سەلەي چاققان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— مېنىڭ يۇرت - يۇرتتا تونۇشلىرىم كۆپ. مەن قوش نىكاھلانغانلىق گۇناھىم ئۈچۈن تۈرمىگە كىرىپ قالغاندىم، — دەپتۇ.

— بۇ گۇي نېمە دەيدىغاندۇ؟ — دەپتۇ گۈندىپاي ھەيران بولۇپ.

## ۋىجداننىڭ قىممىتى

سەلەي چاققاننىڭ شەھەردە بىر زابوي ئاغىنىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز سەلەي چاققانغا:

— ئاداش، يانچۇقۇمدا پۇل قالمىدى، ھەممىسىنى هاراققا خەجلەپ تۈگەتتىم، بۈگۈن ۋىجدانىمنى ساتىمەن، نەچچە پۇلغا ئالىسەن؟ — دەپتۇ.

— دانىسىنى يېرىم يارماققا ئالىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نېمە؟ خاتالاشمايۋاتقانسەن؟ — دەپتۇ ھېلىقى زابوي، — هازىر كىشىلەر ۋىجدانىنى بىباھا گۆھەر دېيىشىۋاتسا، يېرىم يارماق باھا قويۇۋاتىسەنغۇ؟

— شۇنداق، ۋىجدان دېگەن بىباھا گۆھەر، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — لېكىن ۋىجدانىنى سېتىش قارارىغا كەلگەن ئادەمنىڭ ۋىجدانى بىر يارماققىمۇ يارىماس بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟

(توپلاپ رەتلىگۈچى « قەشقەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ پېنسىيونېرى)



«مىڭ بىر كېچە» ھېكايىسىگە سىزىلغان قىستۇرما رەسىم

—— رېئون كار (ئامېرىكا) سىزغان



تۈگمەس ناخشا

تۇرسۇنمۇھەممەت ئوسمان فوتوسى


# 源 泉 (布拉克)

(维吾尔文) 总115期

# بۇلاق

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 115 ـ سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漢尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118 邮政编码:830001
邮政代号:58-108 定价:6.50元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژورنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى:830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108ـ58 باھاسى: 6.50 يۈەن